BULAK



# بۇلاق

1
2015

源泉 (布拉克) ◎ BULAK

ISSN 1005-0876
02>
9 771005 087006



بولسا ئىڭەمنىڭ يۈزى ئەكسى سۇدا پەيدا،
ئول سۇنى تەرەف بارسا ئاپچىلىنغاي گۈلى رەئنا.

زۇلفۇڭ غەمى كۆڭلۈمنى بىلىڭ فىكرگە سالدى،
كۆڭلۈمنى خىيال ئىچرە ساپتۇر ئانى سەۋدا.

غەۋغا قىلۇر ئەل مەھۋەشلەر كۆيىدە لېكىن،
مەھۋەشلەر ئىشى قىلماق ئانىڭ كۆيىدە غەۋغا.

ئەھۋالىمە فەرھاد ئىلە مەجنۇنغا تەئەججۇب،
ئىشق ئەتتى خىرەد ئەھلى قاشىدا مېنى رەسۋا.

ھەر سارى تەماشاغا كىم ئول شوخ قىلۇر ئەزم،
يوق ئانگا تەماشاكى ھەر ئۆز ئەلگە تەماشا.

دەۋران ساڭا زۇلم ئەتە قەدەھلە تولا مەي ئىچ،
قان يۇتسالىڭ ئايا غادار تولا دەۋراننى پەرۋا.

ئول شوخكى مەيدان ئارا كۆرگەنگە سالۇر تىغ،
كۆرمەككە سالۇر تەنە نەۋائىي سارى ئەمدا.

نەۋائىي



ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

37 - يىل نەشرى    ئومۇمىي 160 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى








خەتتات مەتتۇرسۇن ئابدۇرېشىت ئەسەرلىرىدىن

# بۇلاق

2015 ـ يىللىق 1 ـ سان

باش مۇھەررىرى: مەمەتجان مەخمۇت　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


بىر قىسىم كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ............ئەھمەد يەسسەۋىي، مۇقىمىي، شەۋكەت، دىلكەش، ھەزىنىي (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراھمان

نەقىل ئېلىش ۋە تەرجىمە قىلىش ھەققىدە ئىككى پارچە تېكىست ........................ (22)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ


### شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئەمرىيىنىڭ زەللىي غەزەللىرىگە يازغان تەخمىسلىرى ........................ ئەمىر ئۇمەرخان (27)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف

ئىبرەتلىك ھېكايىلەر .................................................. (33)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا نۇر


### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


ساتىرىك داستان «چاكمۇزا يۇسۇپخان» ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ............ راھىلە مەتمىن (40)


### تىل، تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى


«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى كۆنچىلىك ھۈنىرىمىزگە دائىر بايانلار ...... ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي(48)

قازاقستاندىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە يىگىت بېشىنىڭ رولى ...................... ۋىليام كلارك (63)
ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇقەددەس ئابدۇكېرىم
قەدىمكى كورېيەچىدىكى تۈركىيچە سۆزلەر ...................... خەنۋۇچۇ (67)
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مەقسۇد سېلىم

## دۇردانىلەر

جالالىددىن رۇمىي ھېكمەتلىرىدىن تاللانمىلار ...................... (73)
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئائىشە قادىر

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك بىلىملىرى توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر ...................... (85)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ھەلىمگۈل ئابلىز
دەريا بويلىقلارنىڭ ماقال ـ تەمسىل ۋە ئىدىيوملىرى ...................... (95)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ھەلىمگۈل ئابلىز
تۆتىنچى ئەخمەق ...................... (101)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ياسىنجان ئوسمان ئەركزات
تەمسىل ۋە رىۋايەتلەر ...................... (104)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەكرەمجان مەترۇسۇل ئۇمىدى
ئۆمەر قارىي بىلەن مارىيخاننىڭ ئېيتىشىشى ...................... (109)
توپلاپ رەتلىگۈچى: يۈسۈپ ئەخمەت
ئىككى رىۋايەت ...................... (110)
توپلاپ رەتلىگۈچى: سابىرجان سېيىت

※ ※ ※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: نەۋايى خوتەندە (مەمەت نەۋبەت ئىشلىگەن)

مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇتەللىپ ئىسمايىل
ياردەمچى مۇھەررىرى : دىلئارام باھاۋىدىن
كوررېكتورى : ئارزۇگۈل كېرەم
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراھمان

# بىر قىسىم كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: بۇ قول يازما نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، قول يازمىنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە ئوتتۇرىدىكى بەتلىرى يوق. قول يازمىدىكى بەزى شېئىرلار كۆچۈرۈلۈش جەريانىدا كۆچۈرگۈچى كاتىبلارنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن تولۇق كۆچۈرۈلمىگەن، بەزى مىسرالار، سۆزلەر ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالغان. بۇ قول يازمىغا ئەھمەد يەسسەۋىي، شەۋكەت، مۇقىمىي، ھۇۋەيدا، مەخدۇم، دىلكەش، ھەزىنىي تەخەللۇسلۇق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن. بۇ شائىرلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا تونۇلغان شائىرلار بولسا، بەزىلىرى ئۆزبېك كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا تونۇلغان شائىرلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بۇ قول يازمىغا كۆچۈرۈلگەنلىكى، بۇ شائىرلارنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قول يازما خوتەندە مەلۇم بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ كۆچۈرۈلۈپ توپلام قىلىنغان، بۇنىڭدىن تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلارنىڭ ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىكى ئىزچىللىقنى مەلۇم دەرىجىدە كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ قول يازمىغا كۆچۈرۈلگەن شېئىرلارنىڭ بەدىئىيلىكى خېلى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، مەزمۇنىمۇ خېلى ئىلغار. بۇ شېئىرلاردا گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەر تەرغىب قىلىنغان، كىشىلەر ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەلگەن، چىن مۇھەببەتكە ئىنتىلىش قاتارلىق ئىلغار مەزمۇنلار ئەكس ئەتكەندىن سىرت، مېھماندوستلۇق ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگە ئائىتمۇ مەزمۇنلار سۆزلەنگەن. بۇ شېئىرلارنىڭ ئوقۇلغۇسىنى ئىشلەش جەريانىدا قول يازمىدىكى مەزمۇنلارنى كەڭ كىتابخانلارغا توغرا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشتۇق، كەڭ كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىزاھ بەردۇق. ئۆچۈپ كەتكەن سۆزلەر ۋە مىسرالارنى تولۇقلاشقا ئىمكانىيەت بولمىدى، كېيىنچە بۇ كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئۇشبۇ شېئىرلىرى تېپىلىپ قالسا تولۇقلىنىپ كېتەر.

## قۇلخاجە ئەھمەد

ساڭا، ئەي يار، مىھر قويدۇم،
ئۇشۇل كۇن ئاشنا بولدۇم.
بولۇپ بىگانە① ئالەمدىن،
بارى ئەلدىن جۇدا بولدۇم.

كويۇڭدا بولمىشىم سەرسان،
پىدا ئەيلەپ ساڭا يۈز جان،
بولۇپ مەجنۇن كەبى ھەيران،
بۇ ياڭلىغ② مۇبتەلا بولدۇم.

ماڭا سەن ـ سەنكى دىلخاھىم③،
ساڭا يەتمەس مېنىڭ ئاھىم،
قىيا باقغىل، ئايا شاھىم،
ئەجەب بەختى قارا بولدۇم.

*　　　*



## ھىكمەتى شەرىف

نەچچە يىلقى مىھربانىم ئايرىلادۇر، دۇستلارىم،
بۇ ۋۇجۇدۇم شەھرىنى خالىي قىلادۇر، دۇستلارىم.

بۇ قەفەسنىڭ تۇتىسى فەرۋاز قىلادۇر ئۇچقالى،
بىر قاراڭغۇ شۇئلەسىز يەرگە بارادۇر، دۇستلارىم.

ئەي مېنىڭ يارانلارىم، ھىممەت قىلىڭ ئىمان بىلە،
ئۇشبۇ ئىمانىمغا شەيتان قەسد قىلادۇر، دۇستلارىم.

ئۇشبۇ جان بىزنىڭ بىلەن ھەمرەھ ئېدىلەر نەچچە يىل،
ھەقتەئالا ئەمرى بىرلە ئايرىلادۇر، دوستلارىم.

بۇ مېنىڭ ئەئزالارىم جانىم بىلەن شادمان ئېدى،
جان كېتەردە بارچە ئەئزا تىترەشەدۇر، دۇستلارىم.

ئەمرى ھەقغە بارچەلەر بويۇن سۇنۇپ بولدى رىزا،
ئول ھەقىقەت بەندەلەر دائىم رىزادۇر، دۇستلارىم.

قۇلخاجە ئەھمەد تۇتىسى فەرۋاز قىلادۇر ئۇچقالى،
نەيلەيىن④ مىسكىن غىرىب ھۆكمى خۇدادۇر، دۇستلارىم.

---

① بىگانە ـــ يات، غەلىتە، ② ياڭلىغ ـــ دەك، تەك، ئوخشاش، ③ دىلخاھ ـــ ئىستەك، ئارزۇ، ئىنتىلىش، ④ نەيلەيىن ـــ قانداق قىلاي.

## مېھمانغا ئىززەت - ئىكرام زىيافەت قىلماق ئەدەبلەرىدىن بۇ بەيتنى ئوقۇپ كۆرۈپ مېھماندارلىق قىلۇرلار

ئۇشبۇ دۇنيا زىينەتى ئەرمىشكى مېھماندارلىق،
ھەم خۇدانىڭ رەھمەتى ئەرمىشكى مېھماندارلىق،
باز[1] جانىنىڭ راھەتى ئەرمىشكى مېھماندارلىق،
...[2]
...[3]

مېھمان كەلگەن يەرگە ياغمىش خۇدانىڭ رەھمەتى،
كۆتەرىلگەي ئول زەمان ئانىيىۇ مېھنەت ئاپەتى،
كۆرگۈسى مېھمان قىچىرغان تاڭلا مەشھەر راھەتى،
كۆرمەگەي ئول بەندە ھەرگىز بۇ جەھاندا كۈلفەتى،
بۇ جەھان خۇرسەندەلىكدۇر ئۇشبۇ مېھماندارلىق.

ھەر كىشى مېھمان قىچىرسە، كۆڭلى خۇرسەند بولغۇسى،
باز بارسا تار لەھەدكە گورى رەۋشەن بولغۇسى،
مېھمان كەلگەن يەرى ئەلبەتتە گۈلشەن بولغۇسى،
مېھماننىڭ ھۈرمەتىدىن خەزلى ئازاد ئولغۇسى،
بۇ جەھان ئەۋۋەل جەھان ئابادى مېھماندارلىق.

مېھمانغا لازىم ئەرمىش خانەئى نەقشىنلار،
ھەم يەنە زەررىن گىلەمۇ تەھبەتەھ كىمخابلار،
ھەم يەنە لازىم ئىبرۇر قەندۇ نەباتۇ شىرلار،
دۇنيانىڭ ھەم زىينەتى ھەم ھۈرمەتىدۇر گەنجلار،
بۇ جەھاننىڭ گۈلشەنىن ئابادى مېھماندارلىق.

مېھمان كەلسە كېرەكدۇر ئىززەتۇ ئىكراملار،
ئەيش ئىلە ئىشرەت بىلە توي تۈزۈپ ئادابەلار[4]،
ھەم ئويۇن ھەنگامەئى[5] مەي شىشەئى مەي شادلار،
ئويناسا بەزمە تۈزۈپ ئەيلەپ نەچە ئازادلار،
ئۇشبۇ ئالەم شادمانەئىدۇركى مېھماندارلىق.

ئول خۇدا ئۇلۇغ ياراتتى مېھماننى دۇنيادا،
ئول تەپەيلى رەھمەت ئايتگەي مەرزىبانىنى[6] دۇنيادا،
مېھمان سۆيگەن كىشى بولغاي خۇدانىڭ ئەمرىدە،
مېھماننىڭ ئەجرىنى كۆرگەي بەقانىڭ[7] ئۆيىدە،
ئۇشبۇ ئالەم شادمانىدۇركى مېھماندارلىق.

ھەركىم مېھمان سۆيەر ئاسان بولۇر جان بەرمەكى،
ھەم يەنە ئاسان بولۇر شەيتان بىلە جەڭ قىلماقى،
ھەم گۈلىستانۇ ئىرەم[8] بولغاي لەھەدكە كىرمەكى،
.....[9]
مەھزۇنى[10] ئەفكار[11] كۆپ كۆردىكى مېھماندارلىق.



① باز — يەنە، ھەقىقىي ئاشىق؛ ②③ بۇ جايدا بىر مىسرا يېزىلماي قالغان؛ ④ ئادابەلار — ئىنسانىي قائىدىلەر، ياخشى يۇرۇش - تۇرۇشلار؛ ⑤ ھەنگامە — تاماشا، بەزمە، گەپ - سۆز، ۋەقە؛ ⑥ مەرزىبان — مۇھاپىزەتچى؛ ⑦ بەقا — ئۇ ئالەم، ئاخىرەت؛ ⑧ ئىرەم — جەننەت بېغى؛ ⑨ بىر مىسرا يېزىلماي قالغان؛ ⑩ مەھزۇن — غەمكىن، ئاشىق؛ ⑪ ئەفكار — يارىلانغان.

ئەجايىپ نازەنىن كۆردۇم، يۈزىدۇر رەۋنەقى گۈلزار،
قەمەر تەلئەت، پەرى پەيكەر[1]، فەرىشتە خۇي، گۈل رۇخسار.

تىشىدۇر يۇنچە يا گەۋھەر، سۆزىدۇر شەھدە[2] يا شەككەر،
كى ئاغزى چەشمەئى كەۋسەر[3] بەھىشتى تەھتەھۇل ـ ئەنھار[4].

بويى بىر دەستەئى گۈلدۇر، سۆزى گوياكى بۇلبۇلدۇر،
جەھان خەلقى ئاڭا قۇلدۇر، ھەمە خۇشرويى خىزمەتكار.

لەبى ياقۇتتۇ مەرجاندۇر، كۆزى خۇرشىدى تاباندۇر[5]،
قەدى سەرۋى خىرامادۇر، يۈرۈشى كەبكى خۇشرەفتار[6].

تالۇن ئايدەك يۈزى رەۋشەن، لەبى غۇنچە، يۈزى گۈلشەن،
كۆزى ئاھۇيى جادۇدۇر، ئەجەب مەككارەئى ئەييار.

ئانىڭ باشدىن ئاياغى خۇب، ئەجايىپ نازەنىن مەھبۇب[7]،
نە ئەلدە تاقەتۇ ئەييۇب، نە ئاندە رەھم يوق خۇنخار[8].

نىگارا، قىلماغىل زايىئ، ئاڭا جانۇدىلىم تابىئ[9]،
خۇدايا، بولماسۇن شايىئ[10]، ھەمە ئالەمغە بۇ ئەسرار[11].

كېچىپ جانۇجەھانىمدىن، بولۇپ ئاجىز كەلامىمدىن،
قالىپ سۆزلەر زەبانىمدىن، سېنى دەپ ھالەتىم دىشۋار[12].

ئەگەر سەنكىم سۇلەيمانسەن، خۇداغا بەندە فەرمانسەن،
فىدا قىل يار ئۈچۈن جان سەن، ئايىتىپ مەن غەزەل بىسيار.

## غەزەل

شاد ئۇلا لەھزەكى[13] مۇشتاق[14] نىگارىن تاپسا،
ئەيشۇ رەھەتدە كۆلەر يار ئۈزارىن تاپسا.

يار ۋەسلى بىلە خۇشھال بولۇر جانۇكۆڭۈل،
ئايرىلىپ كەتكەن ئۇشۇل شەھسەۋارىن[15] تاپسا.

نې ئەجەب ئاشىق ئېرۇر ئىزلەسەلەر سىدق[16] بىلەن،
گۈلشەن ئىچرە كېزىبان كۆزى خەممارىن[17] تاپسا.

ئەي خۇش ئۇل، بادى سەبا[18]، غۇنچە كۆرۈپ سەبزە ئارا،
غۇنچەئى كۆڭلىن ئاچار بۇلبۇلزار(ىن) تاپسا.

كۆڭلىنى ئالسا ئۇشۇل ئەقلى خىرەد شاد بولۇر،
ساقىي ياڭلىغ قىزىبان سەبرۇقەرارىن تاپسا.



① پەرى پەيكەر ــ پەرىدەك چىرايلىق؛ ② شەھد ــ بال؛ ③ چەشمەئى كەۋسەر ــ سۈزۈك، ساپ بۇلاق سۈيى؛ ④ تەھتەھۇل ـ ئەنھار ــ ⑤ خۇرشىدى تابان ــ قۇياش نۇرى؛ ⑥ كەبكى خۇشرەفتار ــ كەكلىكتەك چىرايلىق ماڭىدىغان؛ ⑦ مەھبۇب ــ سۆيۈملۈك كىشى، دوست؛ ⑧ خۇنخار ــ قان تۆككۈچى؛ ⑨ تابىئ ــ تەۋە، ئەگەشمەك؛ ⑩ شايىئ ــ يېيىلغان، تارالغان، مەشھۇر؛ ⑪ ئەسرار ــ سىر، يوشۇرۇن؛ ⑫ دىشۋار ــ قىيىن، مۇشكۇل؛ ⑬ لەھزە ــ بىر ئاز؛ ⑭ مۇشتاق ــ ئارزۇ، ھەۋەس، ئىشتىياق؛ ⑮ شەھسەۋار ــ چەۋەنداز؛ ⑯ سىدق ــ توغرا، راست، پاك؛ ⑰ خەممار ــ مەست قىلىدىغان؛ ⑱ بادى سەبا ــ تاڭ شامىلى.

## شەۋكەت

قەتئى① نەزەر قىلدىڭ، جانا، نە بولدى،
كېلۇر ئەردىڭ سوراپ كاھا نە بولدى،
... باقماي ئەسلا نە بولدى،
بىر دېمەدىڭ ھالىڭ ماڭا نە بولدى.

گۇل يۈزىڭسىز ئىشىم دائىم فىغانلار،
لەئلىڭ خەيالىدە دىل بولدى قانلار،
دىلدە قالدى كۆرمەي يۈزۈڭ ئارمانلار،
ھاسىل قىلساڭ بىر مۇددەئا نە بولدى.

ئەي لەتافەت گۇلزارىنىڭ گۇلنارى،
دەي مەھلىقالارنىڭ كۆزى خەمارى،
ھېچ سورمادىڭ ئەھۋالىمنى بىر بارى،
ئەي سۇلتانى مەلىك، ۋەفا نە بولدى.

بىر كۇلۇپ باقمىشدا دىۋانە قىلدىڭ،
يۈزىڭە نەرگىسدەك ھەيرانە قىلدىڭ،
ئاخىرىدە مېنى سەن بىگانە قىلدىڭ،
شۇنداق مۇئەددا، ئەھدە، ۋەفا نە بولدى.

ئاشۇفتە ھال ئۇلدۇم كۆرمەي جەمالىڭ،
خەيالىمدىن نېرى كەتمەس خەيالىڭ،
ئەسلا ئېشىتمەدىم شىرىن مەقالىڭ②،
ياندىشادىڭ قىلىپ فىرۋا نە بولدى.

چەكسەم ناگەھ كۆككە يېتەر فىغانىم،
ھەجرىڭ تارتىپ قالدى رەمەقدە③ جانىم،
ئايتاي دېسەم ساڭا سىررى نىھانىم،
دۇچ كەلمەدىڭ ماڭا تەنھا نە بولدى.

ئەي شەۋكەتىڭ كۆزىن ئاقۇ قاراسى،
بىدەۋا دەردىنىڭ سەن ـ سەن دەۋاسى،
ئايا نازەنىن، ئادالارىڭ سىراسى،
بىمارىڭگە باقساڭ قىيا نە بولدى.

## مۇخەممەسى مۇقىمىي

ئالىپ كەلدى ماڭا بىر خەت غۇلامىڭ،
ئوقۇپ كۆردۈم دۇئا بىلە سەلامىڭ،
بۇ كۈن شاد ئەيلەدى بىھەد④ پەيامىڭ⑤،
ئەگەر يالغان ئەمەس، جانا، كەلامىڭ،
شىرىنلىغدە دېسەم جاندىن قالىشماس.

چۇ مەن، جانا، ساڭاكىم مۇبتەلادۇر،
جەھان سەنسىز كۆزۈمگە قاپقارادۇر،
تۈنۈكۈنلەر ئىشىم ئاھۇنەۋادۇر،
جۇدالىغ دەردىدىن (ياشىم) ئاقادۇر،



① قەتئى ــ ئۈزمەك، يۈرۈش؛ ② مەقال ــ سۆز، نوتۇق؛ ③ رەمەق ــ جان چىقىش ئالدىدىكى تىنىق، نەپەس؛ ④ بىھەد ــ تولىمۇ، چەكسىز، بەك؛ ⑤ پەيام ــ خەۋەر، دېرەك.

.........................① قالىشماس.

## مەخدۇم

ئىشىت ئەرزىمنى، ئەي شاھى زەمانە،
كۆل ئولدۇم ھەجر ئوتىغا يانە ـ يانە.

سەنەملەر② ئىچرە يوقتۇر ساڭا مانەند③،
ئىرۇرسەن خۇبلىغ ...

يۈزۈرمەن تابىكى، ئەي لەيلى ئاسا④،
بولۇپ ئىشقىڭدا مەجنۇندەك فەسانە⑤.

لەبىڭنىڭ رەشكىدىن لەئلى بەدەخشان،
قىزىلدۇر...⑥

باقىپ، جانا، يولۇڭغا ئەرتەۋۇ كەچ،
ئاقار ئەشكىم كۆزۈمدىن دانە ـ دانە.

يارىپ خۇنى جىگەردىن ئۇشبۇ ئىنشا،
شەھا، قىلدىم ساڭا بۇ دەم رەۋانە.

بىر كەرەم ئەيلەپ جەۋابىن تېز يازگىل،
بۇ خىسلەت سارى، ئەي شاھى زەمانە.

* *

گۈلدەك يۈزىمىزنىڭ ئاشىقى سىز،
شىرىن سۆزىمىزنىڭ ئاشىقى سىز،
ئاھۇ كۆزىمىزنىڭ ئاشىقى سىز،
جاندەك ئۆزىمىزنىڭ ئاشىقى سىز،
ناز ئۆزگەچەيۇ ستەم بۆلەكچە.

كۆزۈڭ بىلە تىرمىلىپ يىمەي تۇر،
رازى دىلىڭنى ماڭا دىمەي تۇر،
كۆپ تىترەمەگىلۇ قاقشاماي تۇر،
تەب لەرزە كىسەلگە ئوخشاماي تۇر،
ناز ئۆزگەچەيۇ ستەم بۆلەكچە.

نەزم بەيت:

مەنۇ زارەئى خەستە بىچارەدىن،
غەرىبى شىكەستە⑦ بۇ ئەۋۋارەدىن.

كى مەن مۇنتەزىر⑧ ئەمدى دىدارىغا،
سەلامىم ئوشۇل مېھرىبان يارىغا.

كى يادىڭدا يىغلاپ كېچە ياتمادىم،
تەئام لوقمەئى، قەترە سۇ تاتمادىم.

بۇ كۆڭلۈم فەرىشان سىنىڭ ئارەزىڭ،
شەكەر لەبلەرىڭ مىسلى گەۋھەر كۆزىڭ.



① خەتلەر ئۈچۈپ كەتكەن؛ ② سەنەم ــ بۇت، گۈزەل يار؛ ③ مانەند ــ ئوخشاش، دەك، تەك؛ ④ ئاسا ــ دەك، ئوخشاش؛ ⑤ فەسانە ــ ھېكايە، داستان، ئەپسانە؛ ⑥ بۇ مىسرادىكى خەتلەر ئۈچەي دەپ قالغاچقا ئوقۇغىلى بولمىدى؛ ⑦ شىكەستە ــ مەجرۇھ، يارىلانغان؛ ⑧ مۇنتەزىر ــ ئىنتىزار بولغۇچى، كۈتكۈچى.

نىگارىم، سېنىڭ داغى ھەجرىڭدە مەن،
يۈرەك ئىشقى ئوتىدا تولا زارمەن.

بويۇڭ بىر قىزىل گۈل ئەنبەر مۇشكدەك،
كۆزۈڭ مىسلى گەۋھەر، يۈزۈڭ شەمسدەك.

ھەنانى[1] داغ قىلدى ھەلاك بولدى جان،
ئۆزى مەرھەمۇ داغى ھەجرى جەھان.

سەلامىم ئونۇتما مېنىڭ، ئەي جىنىم،
ئوتىدا كۆيۈپ پارە – پارە دىلىم.

مۇدام[2] تاقەت ئەيلەپ مېنى بىنەۋا،
بولۇپمەن ئەجەب ئىشقىدا مۇبتەلا.

يىراقلىقدا قالدىم زىلەيخا كەبى،
بولۇپمەن مۇدامى دەرد قەقنۇس كەبى.

يۈرەك ئابى[3] دىدەم[4] بولۇپ نابىنا،
كى مانەندە ئەختەر[5] سۈرەييا نەما[6].

نادىر بەيت:

ئەرزىمنى ئايتاي بادى سەباغا،
ھالىمنى ئايتسۇن ئۇل بىۋەفاغا.

رەھىم ئەيلەسۇن يار، بولدۇم گىرىفتار،
ھەم زارۇ ئەفكار مەن مۇبتەلاغا.

شاھى غۇلامان بولسۇن خىرامان،
قىلسۇن جەمالىن ئىھسان[7] گەداغا.

چاكى گىرىبان[8] قىلسام مىڭ ئەفغان[9]،
بولماس پۇشايمان جەۋرۇجەفاغا.

نادىر گەداسى، كەيگەن لىباسى،
ھىجران قەراسى ئوخشار زىياغا[10].

## مۇۋەششەھى شەۋكەت

غازە[11] تا چېكىپ يۈزگە ئەيلەدىڭ مېنى شەيدا،
كى تۈشمەسمۇ ئەل ئىچرە سەد فىغانۇ ۋاۋەيلا[12].

لەھزە قاشىما كەلمەي ئۆرتەدىڭ مېنى ۋەھكىم،
نې بولۇركى رەھىم ئەتسەڭ لۇتفى ئىلە باقىپ گاھا.

ئەيلەدىڭ كۆڭۈل مۇرغىنى بىر باقىش بىلەن بىسمىل،
ئانى زىب فىتراك ئەت ئالىپ، ئەي كۆزى شەھلا.

مەن تىلەپ ۋىسالىڭنى نالە چەكتىم ئانداغكىم،
ئاڭلادى ھەمە ئادەم، لېك سەندە يوق فەرۋا.

خامە[13] ۋەسفىڭ[14] ئىنشاسىن[15] تا يازاردە كاغەزغە،



---

① چۇنان — شۇنچە، ئاشۇنداق، ئوخشاش؛ ② مۇدام — ھەمىشە؛ ③ ئاب — سۇ؛ ④ دىدەم — كۆز؛ ⑤ ئەختەر — يۇلتۇز؛ ⑥ نەما — ئوخشاش ⑦ ئىھسان — ھەدىيە، ئىنئام ⑧ گىرىبان — ياقا؛ ⑨ ئەفغان — قايغۇ، نالە؛ ⑩ زىيا — نۇر، پارلاق؛ ⑪ غازە — ئوپا - ئەڭلىك؛ ⑫ ۋاۋەيلا — ھەيىي، ئەپسۇس؛ ⑬ خامە — قەلەم؛ ⑭ ۋەسف — تەرىپلەش، ماختاش ⑮ ئىنشا — خەت.

مەندىن ئەۋۋەل ئۇل يىغلاپ سالدى باشىما سەۋدا.

ئەۋۋەلى ئەسىر ئەيلەپ دامى ئىشقىغا نىچۈن،
تاشلاپ ئاخىرى كەتتىڭ يىغلاتىپ مېنى تەنھا.

نەزمى شەۋكەت ئارايىش تاپتى نامۇ پاكىگىدىن،
ۋەسفىڭ ئەيلەپ ئۇل، ئەي گۈل، بولدى ئەندەلىب[1] ئاسا.

## ھەۋەيدا

ھەر تۈندە سەھەر ۋەقتى قوپماسمۇ بولۇر ئاشىق؟
يارىغا نىيازىنى ئەتمەسمۇ بولۇر ئاشىق؟

ئۆلمەككە بەلىن باغلاپ، شەۋق ئوتىغا جان داغلاپ،
كويىغا بارىپ يىغلاپ، ياتماسمۇ بولۇر ئاشىق؟

ئىبراھىم ئەدھەمدەك فەرزەندە ئىلە مالىدىن
بىر قەتئە نەزەر ئەيلەپ ئۆتمەسمۇ بولۇر ئاشىق؟

دۇنيا ياسانىپ كەلسە، ئالدىغا كۈلۈپ باقسا،
تاشلاپ ئاياغ ئاستىغا تەپمەسمۇ بولۇر ئاشىق؟

نەفسىڭ سېنى دۈشمەندەك تارتىپ قىلىچىن كەلسە،
جەۋۋە ئوقى بىلەن ئانى ئاتماسمۇ بولۇر ئاشىق؟

گەر قىلسا مەلامەت ئەل چۈن غۇنچە بولۇپ خامۇش،
يۈز خۇنى جىگەر ھەر كۈن يۇتماسمۇ بولۇر ئاشىق؟

دىۋانە ھەۋەيداسەن، مۈلكى دۇ جەھانىڭنى
بىر كاسە داغى مەيغە ساتماسمۇ بولۇر ئاشىق؟

نەزم:

ۋادىئى تەمەننادە تۇرفە[2] بىر ئىدىم ھەيران،
مەقسەدىم سارى[3] بولدى ئاخىرىدە راھبەر خەت.

بۇ كەمىنە قۇل ئەرزى قايدا يەتكۈسى ئەردى،
خىزمەتىڭىزدە بۇلكۈن بولماسا ئىدى گەر خەت.

## دىلكەش

بەيت:

خەيالىڭدۇر كۆڭۈلنىڭ خانەسىدە،
ئانىڭ نۇرى كۆزۈم كاشانەسىدە[4].

غەمىڭدىن كېچە ـ كۈندۈز تەلبە ئەردىم،
نازاكەتلەر ئېمىش مەستانەسىدە.

ئەلەم ناكەم بەلا خەيلى تۈزۈپ سەف،
قىغاندىن ئۆزگە يوق دىدانەسىدە.

تۈتاشىپ ئاھ ئوتى باغرىمدا پىنھان،
بۇ بىكەسنى دىلى ۋەيرانەسىدە.



① ئەندەلىب ـــ بۇلبۇل؛ ② تۇرفە ـــ قىزىق، يېڭى، ئاجايىپ نادىر؛ ③ سارى ـــ تەرەپ؛ ④ كاشانە ـــ كۈلبە، ئاشيان، ماكان.

چەمەندە گۈل كەبى مەن قان يۇتارمەن،
بۇ رەسم ئىلە جەفا دەۋرانەسىدە.

بولۇپ بىخۇد جەفا بىرلە ئەلەمدىن،
ئەجەب سەرمەست ئولۇپ مەيخانەسىدە.

نەۋا تاپماس كىشى ھەم بەرگ ئۇمىدە،
بارىپ تا ياتمايىن ئاستانەسىدە.

قەدى خەمىدىن ھەزەر قىلماق ئېمىش خوب،
گۇمان بىل ئاھ ئوقى پەررانەسىدە[1].

ئەلەمدىن ئاھلارىم نەچە دىلكەش،
چىكىپ پىنھانە ئاتەشخانەسىدە.

* *

دەمادەم خۇدانىڭ ئايتىپ...[2]
ئوقۇرمەن ھەمىشە...[3]
كۆزۈم غەرقە بولدى جىگەر قانىدە،
كۆڭۈللەر فىدا رەخشى جۇلابىندە[4]،
بۇ فەريادلاردۇر بۇ فەريادلار.

كىشى كۆرمەمىشدۇر مۇنىڭدەك پەرى،
فەرىلەر سەراسىۋۇ سەردەفتەرى[5]،
كۆڭۈللەر ئالۇرغا ئەجەب دىلبەرى،
چەمەن نەۋرەسىدۇر ئانىڭ قەدلەرى،
بۇ ئازادلاردۇر، بۇ ئازادلار.

چەمەندە خۇررەم ئەيلەمىش ئۇل پەرى،
قىلىپ جىلۋە مۇدامىكى كەبكى دەرى[6]،
يۈز ئۈستىنە گۈلبەرگىدىن خاۋەرى[7]،
باشى ئۈزرە سالغان قىزىل مىئجەرى[8]،
گۈلنارلاردۇر گۈلنارلار.

شەھى مەلىك هامۇن[9] قىلۇرلار مېنى،
بۇ دەشت ئىچرە مەجنۇن قىلۇرلار مېنى،
سىرىشكىم[10] نى جەيھۇن قىلۇرلار مېنى،
كۆزۈم ياشى گۈلگۈن[11] قىلۇرلار مېنى،
دىل ئازارلاردۇر دىل ئازارلار.

تەئەججۇبكى... دىلرەبا،
دېمەسلەركى بۇ شاھ ئېرۇركى گەدا،
ئەگەر ... خان زەمانىم ماڭا،
ھەمە ئەلدىن ئارتۇق قىلۇرلار جەفا،
ئەجەب يارلاردۇر ئەجەب يارلار.

بەيت، نەزم:

سەھەردە خەيالىمغا يارىم كېلۇر،
خىرام ئەيلەبان يگۈلئۇزارىم كېلۇر.

كۆڭۈل مۇلكى ئىچرە تۇشۇپ قوزغىلان،
مەگەر شەھنەئى شەھسۇۋارىم[12] كېلۇر.

ۋىسالى خەيالى تۇشەر چاغىدا،
چەمەندىن نەسىمى[13] بەھارىم كېلۇر.

دىلئارامىم ۋەسلىن خەيال ئەيلەسەم،
كى ئەنقا قۇشىدەك شىكارىم كېلۇر.

ئانىڭ رەۋزەسى[14] جەننەتۇل ـ سەيردە،
كۆڭۈلغە نە مۇلكۇ دىيارىم كېلۇر.

فىراقىدا ... كەبى
كى بىر يەردە تۇرماقغا ئارىم كېلۇر.

## مۇخەممەسى شەۋكەت

ئىشقىڭدا مەندەك كىم ناتەۋاندۇر،
رەنگىم غەمىڭدىن چۇن زەئفەراندۇر،
فىكرىدە لەئلىڭ دىل تولا قاندۇر،

---

① پەررانە — ئۇچىدىغان، قانات؛ ②③ بۇ جايدىكى مەزمۇن ئۇچۇن كەتكەن؛ ④ جۇلاب — سودىگەر، ئېلىپ ـ ساتار؛ ⑤ سەردەفتەر — ئۇلۇغ بولۇش، ئېتىبارغا ئىگە بولۇش؛ ⑥ كەبكى دەرى — تاغ كەكلىكى؛ ⑦ خاۋەر — كۈنچىقىش، شەرق؛ ⑧ مەجرى — قالپاقلىق مېۋە؛ ⑨ ھامۇن — چۆل، سەھرا؛ ⑩ سىرىشك — كۆز ياش؛ ⑪ گۈلگۈن — گۈل رەڭ، قىزىل، ⑫ شەھسۇۋار — چەۋەنداز؛ ⑬ نەسىم — مەيىن شامال؛ ⑭ رەۋزە — مازار، باغ، جەننەت.

ھەجرىڭدە، ئەي يار، كارىم قىغاندۇر،
تىنماي كۆزۈمدىن ئەشكىم رەۋاندۇر.

قىلغىل نەززارە، جانا، ماڭا ھەم،
كىم يەڭدى ئاخىر يالغۇز تاپىپ غەم،
تاكى قىلۇرسەن ئاھۇ كەبى رەم،
تارتىپ جۇدالىغ دەردىن دەمادەم،
ھالىم خارابۇ رەڭگىم ساماندۇر.

جانا، ئۆزۈڭسەن شەفقەتلۇ يارىم،
تارتىپ غەمىڭنى كەتتى مەدارىم،
دائىم قارانغۇ سەنسىز نەھارىم[1]،
ئەيلە تەرەھھۇم[2] ماڭا، نىگارىم،
ئەھۋالى زارىم ساڭا ئەياندۇر.

بولغىل نە يەردە بولساڭ سەلامەت،
ئۆمرىڭنى قىلسۇن تەڭرىم دەۋامەت[3]،
سەن مەندىن ...[4] تا قەتتى ئۇلفەت،
ئول لالە ياڭلىغ باغرىمدا قات ـ قات،
باز ئۈستىنە باز داغلار نىھاندۇر[5].

دەرد ئىلە كۇلفەت كۆپدۇر دىلىمدا،
ھەم سوزى فۇرقەت[6] كۆپتۇر دىلىمدا،
سەنسىز مۇشەققەت كۆپتۇر دىلىمدا،
ئارمانۇ ھەسرەت كۆپتۇر دىلىمدا،
دېسەم تۈگەنمەس گۈياكى كاندۇر.

بەزمىغە بارسا، جانا، رەقىبىم،
زەھرى ئاب غەمىڭ قىلدىڭ نەسىبىم،
گاھى مېنىڭ ھەم بولغىل قەرىبىم[7]،
سەنسەن ھەبىبىم، ھازىق[8] تەبىبىم،
دەردىمغە پەشەك[9] بول بىگۇماندۇر.

مەن سارى باقماي كىبرۇ ھەۋادىن،
دۈشمەنلەرىمنىڭ بەردىڭ مۇرادىن،
قىلساڭ نە بولغاي مەن خەستە ياردىن،
شاھا، غۇلامىڭ فەريادۇ دادىن،
سورمايسەن ئەسلا قانداغ زەماندۇر.

ھەجرىڭدە قالىپ يەتمەي ۋىسالە،
دائىم ئىشىمدۇر فەريادۇ نالە،
يۇتقۇم غەمىڭدىن رەنجۇ مەلالە،
ئەي جانۇ جانىم، قىلدىم ھەۋالە،
تەڭرىغە بۇل كۆن ھەركىم ياماندۇر.

فۇرقەت ئوتىغا ئۆرتەندى شەۋكەت،
غەرق ئەتتى جىسمىن توفانى ھەسرەت،
قىل ئاڭا شەفقەت، فۇرسەت غەنىمەت،
گۇلدەك يۈزۈڭنىڭ ئىشقىدا خىسلەت،
بۇلبۇلغا ئوخشاش كارى قىغاندۇر.



---

① نەھار ـــ كۈندۈز؛ ② تەرەھھۇم ـــ رەھىم، غەمخورلۇق؛ ③ دەۋامەت ـــ ئۇزۇن، داۋاملىق؛ ④ بۇ جايدىكى خەت بەك تۇتۇق بولغاچ، ئوقۇغىلى بولمىدى؛ ⑤ نىھان ـــ يوشۇرۇن؛ ⑥ سوزى فۇرقەت ـــ جۇدالىق ئوتى؛ ⑦ قەرىب ـــ قېرىنداش؛ ⑧ ھازىق ـــ ئۇستا، ماھىر؛ ⑨ پەشەك ـــ تامچە، شەبنەم.

نەزم:

مېنى فىراقىڭىزدا مۇنچە مۇبتەلا① قىلاسىز،
كى بار جەۋرۇ جەفادىن قەددىم دۇتا② قىلاسىز.

لوزۇم③ مەقدەمىڭىزگە④ فىدا قىلاي جانلار،
كېلىپ قايۇ كېچە كۆلبەمنى رەۋشەنا قىلاسىز؟

ئېتىپ كەرەم دېسەم، ئەھدەڭىزە ۋەفا ئەيلەڭ،
كۆلۈپ دېگەيكى ماڭا: مۇنچە ئىلتىجا قىلاسىز.

ئەگەر ۋىسالىڭىزنى كۆرمەيىن ئۆلەر بولسام،
خىنالى⑤ قولغا ئەسالار تۇتۇپ ئىزا قىلاسىز.

سەفالۇۋ ئارەزىڭىز خۇانىغا قىلىپ مېھمان،
رەمەدرەسىدە⑥ كۆزۈمنى قاچان زىيا قىلاسىز؟

يىقىلسام ئاھ ئۇرۇپ قەددىڭىز خەيالى بىلەن،
قىيا باقىپ، بەتتەر ئولغىل، دەپ دۇتا قىلاسىز.

لەبىمغە جان يېتۇشۇر ۋەسل ئۇمىدىن ئايتماقدىن،
بۇ ئارزۇدە مەگەر سىز مېنى ئەدا قىلاسىز.

بىزە ھەمىشە تەغافۇل⑦ بىلە قىيا باقماي،
رەقىبىمىزگە نېچۈك ئۆزنى ئاشنا قىلاسىز؟

يەقا چۇن غۇنچە ئېتىپ چاكۇ يىغلىشام قانلار،
فىغانىم ئاڭلامايىن ئىشىڭىز بەجا قىلاسىز.

كەمىنە شەۋكەتىڭىز ھالىنى سوراپ بىر كۈن،
قاچان دىلىن خۇش ئېتىپ بىرغىنە ۋەفا قىلاسىز؟

ھەزىنىي

ئول شوخى ستەمكارلار ھەجرىدە ئەدا قىلدى،
ھەسرەت يۈكىنى ئارتىپ، قەددىمنى دۇتا قىلدى.
مۇغبەچچە شەرابىدىن بىر كاسە تولا ئىچتىم،
ئەۋۋەلدە قىلىپ بىخۇد، ئەقلىمنى كۆتا قىلدى.

شىبلىنى كۆرۈڭ، دوستلار، نۇش ئەتتى بۇ شەربەتتىن،
باشى قىزىشىپ ئول دەم، رەقس ئىلە سەما قىلدى.

مەي ئىچسەلەر ئاشىقلار، زاھىد قىلادۇر تەئنە،
مەنسۇر كەبى ئارىفغا يۈز جەۋرۇ جەفا قىلدى.

ئىشق لەشكەرى قەسد ئېتىپ، ھالىڭنى خەراب ئەيلەر،
ئەدھەم كەبى شەھلەرنى ئاخىردا گەدا قىلدى.

ئوت ئەيلە ۋۇجۇدۇڭنى ئىشقىدا سەمەندەردەك،
شەمئ مەۋجىغە پەرۋانە جانىنى فىدا قىلدى.



① مۇبتەلا — دۇچار، گىرىپتار، شەيدا؛ ② دۇتا — پۈكۈك، ئىگىك؛ ③ لوزۇم — چوقۇم، زۆرۈر؛ ④ مەقدەم — قەدەم، جاي، كېلىش؛ ⑤ خىنالى — خىنە ياققان؛ ⑥ رەمەد — كۆز ئاغرىقى؛ ⑦ تەغافۇل — بىخۇدلۇق، كۆرمەسكە سېلىش، بىپەرۋالىق.

رەھم ئەتمەدى يەئقۇبغا، كەنئاندا نەبىي[1] ئەردى،
بەيتۇل ـ ھەزەن[2] ئايتماقىغا يۇسۇفنى جۇدا قىلدى.

ئىلمىڭغا ھەۋا قىلما، تائەتكە بىنا قويما،
كۆر دۇڭمۇ تەكەببۇرنى، شەيتاننى سەۋا[3] قىلدى.

بىر باقىشىمە مەھۋەش[4] قەتلىمغە نەزەر سالدى،
سەيقەل[5] بېرىبان ئول دەم كۆڭلۈمنى سەفا قىلدى.

باتىندە[6] ئۆلۈپ ئەردىم، زاھىردا تىرىك ئەمما،
ئىسا كېلىبان قەۋم دەپ ھەققىمغە دۇئا قىلدى.

دىلخەستە ھەزىنىي سەن ھەر دەمدە فىغان ئەتمە،
باشىڭغا بۇ سەۋدانى ئەلبەتتە خۇدا قىلدى.

ھەزىنىي

قويدى ھەم كۆكسۇم ئارا يۇزمىڭ جەفالارنى فىراق،
ئاجراتىپ بىزدىن يەنە كۆپ ئاشنالارنى فىراق.

ۋادەرىغا، ھەسراتا، كەتتى ھەممە ئەھبابلار[7]،
ھەم جۇدا ئەتتى يەنە خىش ئەقرەبالارنى[8] فىراق.

لاف ئۇرۇپ، ئەلەم مېنىڭ مۈلكۈم، دېگەن شەھلەر قېنى؟
قويماغان ئاخىر، بىلىڭ، شاھۇ گەدالارنى فىراق.

تاپمادى ھەرگىز داۋا دەردىغە ئەفلاتۇن ھەكىم،
ئالدى يەر قوينىغا كۆپ ئەقلى رەسالارنى[9] فىراق.

ئەھمەد مۇختار كەتتىلەر جەھاندىن، دۇستلار،
يۈز يىگىرمە تۆرت مىڭ ھەم ئەنبىيالارنى فىراق.

شاھ بول خاھى گەدا، دۇنيا ۋەفا قىلماس ساڭا،
بارچەمىزنى قويماغاي ھەم رەھنەمالارنى[10] فىراق.

ئەي يارانلار، بىلسەڭىز، دۇنيا ئۆرۈر كوھنە رەبات،
خاتۇن ـ ئەركەك قويماغاي ھەم ياش بالالارنى فىراق.

خانقادە ئولتۇرۇپ زىكر ئەيلەگەن شەيخلەر قېنى؟
جاننىنى ئالدى بىلىڭ، كۆپ ئەۋلىيالارنى فىراق.

نەقدى ئۆمرۈڭنى دىلىڭغا ئالغۇچە تائەتدە بول،
ئەي ھەزىنىي، ئايتارسەن زىكرۇ سانالارنى فىراق.

ھەزىنىي

مىسالى مەجنۇن لەيلىدەك دىۋانە بولسام كاشكى،
يار ئۈچۈن ئالەم ئارا ئەفسانە بولسام كاشكى.



[1] نەبىي ـــ پەيغەمبەر؛ [2] بەيتۇل ـ ھەزەن ـــ غەم ئۆيى؛ [3] سەۋا ـــ ئايرىش، قوغلاش؛ [4] مەھۋەش ـــ ئايدەك، گۈزەل؛ [5] سەيقەل ـــ پەرداز، جۇلا؛ [6] باتىن ـــ ئىچ، كۆڭۈل؛ [7] ئەھباب ـــ دوستلار، يارانلار، سىرداشلار؛ [8] ئەقرەبا ـــ ئۇرۇغ ـ تۇغقان، يېقىن كىشىلەر؛ [9] رەسا ـــ تولغان، يېتىشكەن؛ [10] رەھنەما ـــ يول ـ باشچى، يول كۆرسەتكۈچى.

دەير ئارا پىرى مۇغان① مەن تەلبەغە سۇنسا شەراب،
بادەئى نۇشى ساكىن مەيخانە بولسام كاشكى.

جامى ۋەھدەتدە مۇھەببەت شەربەتىدىن نۇش ئېتىپ،
مەست ئولۇپ ئىدراكدىن بىگانە بولسام كاشكى.

شىبلىدەك رەقس② ئەيلەبان ھەر كوچاۋۇ بازار ئارا،
ئىشق ئوتىغا ئۆرتەنىپ بىريانە بولسام كاشكى.

مۇلكۇ ئەشيادىن كېچىپ، كەتسەم، يارانلار، بىنىشان،
ئەل كۆزىدىن بىر يولى پىنھانە بولسام كاشكى.

زەررەچە قىلسا تەجەللى تەڭرى دىدارىن كۆرۈپ،
تاقەت ئەتمەي تەۋرىدەك③ سۇزانە④ بولسام كاشكى.

كىمكى دەريايى مۇھەببەتكە چۇمار، غەۋۋاس ئۇدۇر،
مەن ھەزىينىي تالىبى دۇردانە بولسام كاشكى.

ھەزىنىي

قەدرىمغە يەتمەس بول بەچچە⑤ نادان،
ئەيلەر جافالار بىزلەرغە چەندان⑥.

ۋالىھ⑦ بولۇپمەن گۇلدەك يۈزىغە،
مىسالى بۇلبۇل قىلۇرمەن ئەفغان.

لازىم ئەمەسمۇ بىزلەرغە شەفقەت،
ئەرزىمنى ئايتاي، يارىمنى كۆرگەن.

دادىمغا يەتسۇن ئول شوخى زالىم،
باشىمغا تۇشسۇن گەر بولسا ئاسان.

ئاھىم تۇتۇنى ئالەمنى تۇتغاي،
گەر كەلسە رەھمىڭ چىقماي تۇرۇپ جان.

شاد ئەيلەگەيمۇ سۆيگەن قۇلىنى؟
بولگەي رەقىبلەر يەر بىرلە يەكسان.

خەم بولدى قەددىم ھەسرەت يۈكىدىن،
بىر يوقلامايدۇر كۆلفەتغە سالغان.

ئەل ئىچرە بولدۇم مەجنۇنۇ بىخۇد،
كۆيدۇرگەي ئاھىم دەشتۇ بەيابان.

نادانلىكىمدىن دامىغا تۇشتۇم،
ھەزىنىي ياڭلىغ بارمۇ ئىزىشگان؟

ھەزىنىي

قامەتىڭنى كۆرسەتىپ زار ئەتدىڭۇ رەھم ئەتمەدىڭ،
مەن غەرىبكە سىھھەتىڭ بار ئەتدىڭۇ رەھم ئەتمەدىڭ.

ۋەئدەلەر ئەيلەپ دېدىڭ: دائىم ساڭا ئەيلەي ۋەفا،
ئەھدۇ پەيمان سىندۇرۇپ، خار ئەتدىڭۇ رەھم ئەتمەدىڭ.



① پىرى مۇغان ــ مەيپۇرۇش ؛ ② رەقس ــ ئويۇن، ئۇسسۇل؛ ③ تەۋر ــ يوسۇن، تەرتىپ، ئادەت ؛ ④ سۇزانە ــ يالقۇنلۇق، يېنىپ تۇرغان؛ ⑤ بەچچە ــ گۆدەك، بالا خىزمەتكار؛ ⑥ چەندان ــ كۆپلەپ، ھەسسىلەپ؛ ⑦ ۋالىھ ــ شەيدا، ئەسىر، مۇپتىلا.

## ھەزىنىي

ئويلاسام، مەھبۇبىمە، ئالەمدە جانان ئوخشاماس،
جەننەت ئىچرە ھۇرۇ غۇلمان بەلكى رىزۋان ئوخشاماس.

بىر ئەجەب مەئشۇقەئى مانەندە يوقتۇر بىنەزەر،
ئەھتىمالى بار يۇسۇفدىن بۇلەك جان ئوخشاماس.

ئول زامانلار چەشمى مەجنۇن بىرلە كۆرمەس لەيلىنى،
زەررە تۇشسە ئىشقى كۆز ياشىغا باران ئوخشاماس.

ھەر نىچۈك دەردۇ ئەلەمدىن يار سەۋداسى مۇھال[1]،
مەرھەمى يارىن ۋىسالى باشقا دەرمان ئوخشاماس.

مۇسىقى مىنقارى[2] قۇمرى[3] ئەندەلىب سەۋتىن[4] نىتەي،
نالە قىلسا نەغمەئى داۋۇدى خۇشخان ئوخشاماس.

نەيلەرەم، دەردۇ ئەلەم تارتماقدىن ئۆزگە چارە يوق،
تا ھەزىنىي تاپماسام ۋەسفىنى دىۋان ئوخشاماس.

## ھەزىنىي

نىچە دانالارنى نادان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز،
يارنىڭ كويىدا سەرسان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.

ھەر كىشى مەجنۇن بولۇپ لەيلىنى قىلسا تەلەب،
مەسكەنىن[5] دەشتۇ بەيابان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.

تىشە ئۇردى كوھكەن شىرىنىنىڭ ھەجرىدە مۇدام،
ۋەئدەئى ۋەسلىلە بىجان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.

تاھىرى غۇربەتكەشىدە ئۆلدى زۆھرا كويىدا،
يارى رۇخسارىن قىزىل قان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.

شەيخ سەنئانەدەك ۋەلىنىڭ بويىنىغا زۇننار ئاسىپ،
ھۆكمى تەرسا بارچە خۇبان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.

يۇسۇفنى دەپ يىغلاتىپ يەئقۇبنى قىرىق يىلغىچە،
مەنزىلىنى بەيتۇل ـ ھەزەن ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.

ھاسىل ئەتمەسدىن زىلەيخا مەتلەبىن جانانەدىن،
ئاخىرى زىندانى بوھتان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.

ئەي ھەزىنىي، مەۋلەۋى جامىي بىلەن ھەمدەمنى كۆر،
ئول ھۇسەيىن مىرزانى تۇغيان ئەيلەدى ئىشقى مەجاز.

## ھەزىنىي

ھىجران ئوتىغا باغرىم سۇزانە تاڭ ئاتقۇنچە،
ئۆرتەپ يۈرەكىم، جىسمىم بىريانە تاڭ ئاتقۇنچە.



---

[1] مۇھال ــ قىيىن، مۇشكۇل؛ [2] مىنقار ــ قۇش تۇمشۇقى؛ [3] قۇمرى ــ پاختەك، تۇرۇلغا؛ [4] سەۋتىن ــ ئاۋاز، ئۈن؛ [5] مەسكەن ــ تۇرار جاي، ئۇۋا، كۇلبە.



مەن ۋامىقۇ سەن ئۇزرا ۋەسلىڭگە يېتەلمەسدىن،
ھەر كېچە قەرارگاھىم ئاستانە تاڭ ئاتقۇنچە.

رەھم ئەيلە بۇ ھالىمغا، ئەي كۆزلەرى جەللادىم،
ھەجرىڭدە بۇ كۆڭۈللەر ۋەيرانە تاڭ ئاتقۇنچە.

ھېچكىمگە دېيەلمەسمەن بۇ ئەرز ئىلە ھالىمنى،
قانغا جىگەرىم تولدى، گىريانە تاڭ ئاتقۇنچە.

خىلۋەتدە ئەگەر كۆرسەم سەيرىمنى بەيان ئەيلەپ،
سەن بىرلە بولاي ئاندا ھەمخانە تاڭ ئاتقۇنچە.

ئاخشامدا جەمالىڭنى شەمئىنى مۇنەۋۋەر قىل،
ئايتاي ساڭا ھالىمنى فىرقىرانە تاڭ ئاتقۇنچە

نەيلەيكى، ئىلاجىم يوق، ھەر كوچەدە يىغلارمەن،
تار ئولدى ھەزىنىيغە فەرغانە تاڭ ئاتقۇنچە.

شەۋكەت

...

...

...
تەجەللى تەۋرىدىن بىر ئەرزى دىدار ئەيلەمەيسىزمۇ؟
مۇھەببەت ۋادىسى سەرگەشتەسىن يار ئەيلەمەيسىزمۇ؟

تەرەھھۇملار بىلە دىلخەستەلەر ھالىن سوراپ گاھا،
رەقىبى رۇ سىيەھنى باخەبەر قىلماي بولۇپ تەنها،
تاراپ ساچلارنى تاشلاپ ھەر سارى بىزگە سالىپ سەۋدا،
لەبى شىرىنۇ شەككەرخەندۇ قەند ئالۇد ئىلە، جانا،
كۈلۈپ تۇتى سىفەت ئاغازى گۇفتار ئەيلەمەيسىزمۇ؟

شەككەرخا تۇتىدەك سۆز سۆزلەماقغە ئاچىبان تىلنى،
بېرىپ گۇلگۇنەدىن تا يۈزگە زىينەت كۆيدۈرۈپ ئەلنى،
كېلىپ بىر كېچە بىزنىڭ كۈلبەمىزغە سەيد ئېتىپ دىلنى،
تاراپ ساچنى، سىلاپ يۈزنى، سىقىپ گۇلدەستەدەك بەلنى،

قاقىپ قاشنى، قىيىپ كۆزلەرنى، خەممار ئەيلەمەيسىزمۇ؟

دىلى دىلدانەلەرنىڭ سەيدىغە كاكۇلنى دام ئەيلەپ،
ئەداۋۇ ناز ئىلە رەسم پىرىلىغىنى تەمام ئەيلەپ،
كۇلۇپ باقىپ ئويالىپ، رەھگۇزارلاردا سەلام ئەيلەپ،
ئۆتەردە ھەر تەرەفكە سىلكىنىپ، نازۇ خىرام ئەيلەپ،
تەمامى پىرۇ بەرنالارنى خۇشتار ئەيلەمەيسىزمۇ؟

زىياد ئولسۇن شىكۇەۋۇ شەۋكەتىڭىز، ئەي فەلان خانىم،
قاچان بىر كېچە لۇتف ئەيلەپ بولۇرسىز ياخشى مېھمانىم،
ئېرۇرسىز ھۇسنى ئەفلاكى ئارا چۈن ماھى تابانىم،
نەزاكەت باغىدا، ئەي نەۋ نىھالۇ تازە جەۋلانىم،
ئەسىرى كۇلبەسىنى رەشكى گۇلزار ئەيلەمەيسىزمۇ؟

مۇخەممەسى شەۋكەت



قەدىڭىنىڭ بەندەسى سەردى خىيابان ئولدى بىر مەنمۇ؟
كۆرۈپ لەئلىڭ چەمەندە غۇنچە دىل قان بولدى بىر مەنمۇ؟
يۈزۈڭنى كۆردىيۇ ئىشق ئەھلى گىريان ئولدى بىر مەنمۇ؟
ئەسىرى چەشمەڭ ئاھۇيى بەيابان ئولدى بىر مەنمۇ؟
كۆرۈپ ئايىنەلەر ھۇسنۇڭنى ھەيران ئولدى بىر مەنمۇ؟

قايان باردىڭ مېنى تا مۇندا تاشلاپ تۇرفە داغ ئەيلەپ؟
فىراقىڭ ئىلكىدە قويدۇڭغۇ كەتتىڭ بىدىماغ ئەيلەپ،
تەماشايى چەمەن قەسدى بىلەن كۆڭلۈڭنى چاغ ئەيلەپ،
رەخ ئاچتىڭ پەردەدىن ئول سۇبھكىم بىر سەيرى باغ ئەيلەپ،
قالىپ خىجلەتدە گۇل چاكى گىرىبان ئولدى بىر مەنمۇ؟

تافىلماس نازەنىنلەر ئېچرە، دىلبەر، سەندەك ئازادە،
كى مىسلىڭ بولمادى مەنزۇرىم، ئەي جان، ئۇشبۇ دۇنيادە،
كۆزۈڭ مەستۇ ھەمىشە ئالغالى جانلارنى ئامادە،
كۆيەر جانلار نە تەنھا ئىشقىڭ ئوتىدىنكى سەھرادە،
تۇشۇپ باغرىغا يەكسەر لالە سۆزان ئولدى بىر مەنمۇ؟

ئەمەسمۇ چاكەرىڭ، جانا، سېنى بۇ بارچە ئىمسالىڭ،
تەكەللۇم ئەيلەسەڭ تۇتىئى خۇش كۇلەر بولۇر لالىڭ،
بولاي چۈن خاكى رەھ قويساڭ قەدەم يوللاردە فامالىڭ،
نە يالغۇزمەن ئەسىرى ھەلقەئى زۇلفۇ خەتتۇ خالىڭ،
لەبىڭغە بەندە ھەم لەئلى بەدەخشان ئولدى بىر مەنمۇ؟

تىلەپ ۋەسلىڭنى ھەر دەم ئاھ ئۇرۇپ يۈرگەندە ئەيب ئەرمەس،
زۇلال ئىستەپ لەبىڭدىن قان يۇتۇپ يۈرگەندە ئەيب ئەرمەس،
جەفا ئەغيارىدىن ھەر دەم چېكىپ يۈرگەندە ئەيب ئەرمەس،
كويۇڭدا بەندەلەردەك سارۇلۇپ يۈرگەندە ئەيب ئەرمەس،
ساچىڭدىن سۈنبۈلۈ رەيھان فەرشان ئولدى بىر مەنمۇ؟

*　　　　*

غەرىب بولماي غەرىب ھالىن بىلۈرمۇ؟
جەفا تارتقان كىشى زايىئ قالۇرمۇ؟

*　　　　*

بۇ نەزمىڭ ئىچرە شەۋكەت قىلدى زەۋق ئىزھارىن، ئەي زەۋقىي،
كى يەئنى راھەت ئەفزا ئەيلەدى ئەشئارىن، ئەي زەۋقىي،
ئەتا قىلسۇن ساڭا ھەق لۇتف ئىلە دىدارىن، ئەي زەۋقىي،
تىرىكلىك بارىدا ئىستە ھەقىقەت يارىن، ئەي زەۋقىي،
مەجازىلارنىڭ ئىشقى سۆزى ھىجرانىڭگە ئەرزىرمۇ؟

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)



نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

# نەقىل ئېلىش ۋە تەرجىمە قىلىش ھەققىدە ئىككى پارچە تېكىست

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: قولىمىزدىكى «نەقىل ۋە تەرجىمە» ھەققىدىكى كونا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئىككى پارچە تېكىست 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرلىك مۇھەممەد ئەلى داموللانىڭ ئەنگلىيە كونسۇلى ۋە شۋېتسىيەدىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن تەييارلاپ بەرگەن ماتېرىيالى بولۇپ، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى گۇستاف رەكۋېت (1875 — 1945) توپلىغان. كېيىن بۇ تېكىستلەر شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ قەشقەردىن ھەيدىۋېتىلىشى بىلەن باشقا ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار قاتارىدا شىۋېتسىيەگە ئېلىپ كېتىلىپ، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى ياررىڭ (Gunnar Jarring 2002 — 1907) قول يازمىلار مەركىزىگە قويۇلغان. 1978 - يىلى گۇننار ياررىڭ مەزكۇر قول يازمىلار فوندىدىكى ماتېرىياللارنى رەتلەۋاتقاندا بۇ تېكىستلەرنى بايقاپ، ئۇنىڭغا قايتىدىن كىتاب نومۇرى قويۇپ، «مۇھەممەد ئەلى داموللا نامىدىكى207 - نومۇرلۇق قول يازما 1 - 2» نامىدا ئارخىپ تۇرغۇزغان.

بۇ ئىككى پارچە تېكىستتە نەقىل ئېلىش، كىتاب تۈزۈش ۋە كۆچۈرۈش، تەرجىمە قىلىشنىڭ قائىدە قانۇنىيەتلىرى ۋە پرىنسىپلىرى، تەرجىمان ۋە كاتىپلارغا قويۇلغان تەلەپلەر ياخشى بايان قىلىنغان. شۇ سەۋەپتىن بۇ تېكىستلەر ئەينى دەۋردىكى كىتابەتچىلىك ۋە تەرجىمچىلىك ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ ئىككى پارچە تېكىست قىسقا بولسىمۇ، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى پارچە تېكىست كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى.

## نەقل قىلماقنىڭ بەيانى

بىر كىتابنىڭ سۆزىنى يەنە بىر كىتابغا كۆچۈرۈپ ئالۇرلار ۋە يا بىر كىشى بىر ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە كۆچۈپ چىقارلار ۋە يا بىر سەفەرگە بارغۇچى سەئىد كۇنىنى كۆزلەپ نەقلى مەكان قىلامىز، دەپ دوستىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئالىپ، ئول ئۆيدىن سەفەرگە كېتەرلەر. يا بىر تۈپ كۆچەتنى يىلدىزى بىرلە قوزغاپ ئالىپ يەنە بىر يەرگە كۆچۈرۈرلەر. شۇنداغكى، بىر كىشى ئولتۇرغان ئۆيىدىن كۆچۈپ يەنە بىر


نقل قیلماقنینک بیانی

ئۆيگە چىقارلار. بۇ سۆزنىڭ ئىستىئمالى ۋە «نەقل» دېگەن سۆزنىڭ ئىستىلاھى «كۆچمەك» ۋە «كۆچۈرمەك» مەئنىسىدە بولۇر. بىر كىشى بىر يەردىن كۆچۈرۈپ ئالىپ كەلسە ئول كىشىنى «كۆچمەل» دەپ ئاتارلار. بەئزى قىرغىزلار ئاتلاردنى «كۆچكۈنچى» دەپ ئات قويارلار. يەنە بىر رەۋايەتدە پۈتۈلۈپدۇركى، خۇدايى تەئالانىڭ بىر گۇرۇھ فەرىشتەلەرى باردۇر، ئۇلارنى نەققال فەرىشتەلەرى ئايتۇرلار. ئۇلارنىڭ قىلادۇرغان ئىشلارى بىر مۇقەددەس جايدا مۇقەددەس ئەمەس ئادەم دەفن قىلىنغان بولسا، مۇقەددەس ئەمەس ئادەمنى يۆتكەپ ئاتىپ بىر مۇقەددەس كىشىنى قويارلار. ئۇلارنىڭ خىزمەتى مۇدام شۇدۇر، دەپ پۈتۈپدۇر. «نەققال»نىڭ مەئنىسى «تولا كۆچەرگۈچى» دېگەن بولۇر. بۇ ئىسىم سىغە مۇبالەغە بىلەن ئايتىپدۇر. ئەگەر بىر كىتابدىن ۋە يا بىر خەتدىن كاغەز يۈزىدىن نەقلىنى بىر كاغەزغە يا كۆچۈرەدۇرغان كىتابغە ئالۇرلار. كۆچەرتىپ ئالدۇرادۇرغان ۋە يا كۆچۈرەلەدۇرغاننىڭ هاجەتى ئىككى قىسمى بىلەن بولۇر. بىرى شۇكى، كىتاب كوهنە بولۇپ كەتكەن بولسا ۋە يا كىتابنى تولاراق قىلماق ئۈچۈن كۆچۈرۈپ ئالۇرلار؛ يەنە بىرى شۇكى، بىر ۋەسىقە مۇهرلۇق خەتنىڭ نەقلىنى ئالىپ، ئول ۋەسىقەنى ياندا قويۇپ نەقلى ۋەسىقەنى ئەرز قىلادۇرغان كىشى ئەرزىگە قوشۇپ ئىبەرۇرلار. پۇلى هاسىل بولغۇنچە مۇهرلۇق خەت يېتىپ كەتمەسۇن دەپ. خەت پۈتۈكۈچىنى ئەرەبى تىلدا كاتىب، فارسى تىلدا نەۋىسەندە ئايتۇرلار. خەت پۈتۈكۈچى بىر خەتنىڭ نەقلىنى ئالماقچى بولسا، پۈتۈكۈچىنىڭ خەتدە ئىملاسى بولسا، بىر كىشى خەتنى ئوقۇپ بەرسە، پۈتۈكۈچى ئوڭاي، ئىتتىك پۈتۈيەلۇر؛ ئەگەر پۈتۈكۈچىنىڭ ئىملاسى بولماي، دەپ بەرگەن پۈتۈسە تەمام هۇرۇفلارنى تەبدىل قىلىپ ئىملاسىز بولغانى ئۈچۈن غەلەت قىلۇر. ئىملاسىز كىشىگە ئۆزى خەتكە قايىلاپ پۈتۈگەنى ياخشىراق بولۇر ۋە هەم پۈتۈگەندە هۇرۇفلارنى ئوقۇپ تۇرۇپ پۈتۈگەنى قائىدەلىقدۇر.



### تەرجىمەنىڭ بەيانى

بىر سۆزنى يەنە بىر سۆزگە ئۆيرۈگەننى ئايتۇر. مەسەلەن، بىر سۆز ئەرەبى بولسا فارسىغا ۋە يا تۈركىيگە ۋە يا باشقا بىر زەبانغە ئۆيرۈگەننى تەرجىمە قىلدى دەپ ئايتۇر. بۇ ئىش ئوڭاي ئەمەس. چۈنكى، بىر زەبانىنىڭ سۆزىنى يەنە بىر زەبانىنىڭ سۆزىگە ئىز بايىز كەلتۈرۈپ كەم ـ زىيادە قىلماي چىقارماقلىق نەهايەت مۇشكىلدۇر. بىر سۆزنى ئۆز قالىپ-



دىن يەنە بىر سۆز قالىپىغا بەرابەر كەلتۈرمەك ئوڭاي ئە ـ مەس. ئەگەر بىر سۆز ئۆز قالىپىدىن چىقارىپ يەنە بىر سۆزنىڭ قالىپىغا سالغاندا ئەكسەر بەرابەر كەلمەيدۇر. ئا ـ رى قالىپنى ئېتىبار، رەئايە قىلماي سۆزنىڭ مەتلەب مۇرادىنى قىلماق ئاسانراق بولۇر ئەردى. لېكىن كىتابى ئەللاھنى تەرجىمە قىلغاندا يىگنە بىلەن قۇدۇق كورلاغانغا ئوخشايدۇر. كىتابى ئەللاھ قايسى تەرىقە، سەلىقە بىرلەن نازىل بولغان بولسا ئول ئىزدىن يىگنە ئۇچى تەجاۋۇز قىلغالى بولمايدۇر. بىر كىشى مەن فەساھەتلىكدۇرمەن، بەلاغەتلىكدۇرمەن، كەم ۋە زىيادەلىك ئەسلى سۆزدە قىلـ ـ سا، تەغىر تەبدىل قىلسا مۇتەرجىم قاتتىق گۇناھكار بو ـ لۇر. باشقە مۇسەننىفلارنىڭ كىتابىنىڭ تەرجىمەسىدە مۇ ـ راد مەتلەب ئايتىغالى سۇرەت بار، يا بىر ھېكايەنى ئايتقاندا ئىككى سۇرەت بىلەن بەلكى ئۈچ سۇرەت بىلەن تەرجىمە قىلىپ ئەسلى مەتلەبنى تەرجىمە قىلغىلى بولادۇر. سۆز ئۆزى ھەر زەباندا ۋە ھەر زەماندا تەبدىل بولۇپ تۇرۇپدۇر. مەسەلەن، يۈز يىل بۇ ۋەقتدىن ئىلگەرى ئىستىئمال قىـ ـ لىپ كەلگەن سۆز ھەلى ئىستىئمال قىلمايدۇر. ئەگەر ئىستىئمال قىلسا ھەم شاز ئىستىئمال قىلادۇر. شۇنداغ ـ كى، «نەقد» دېگەن سۆزنى ھازىر «پۇل» دەرلەر. ئىلگەرى «نەقد نىسى» دەپ گەپ بار ئىدى. شۇنداغكى، مەسەلەن، «ئەمدىغچە، تەخىغچە، ھەلىغچە» بۇ ئۈچ كەلىمە سۆزنىڭ تۈركىيدە بىر مەئنىدە ئىستىئمال قىلىپدۇر. ئەمما فارسى تەرجىمەغە سالساق، «ئەمدىغەچە» دېگەن سۆز فارسىدا «تا ئەكنۇن»، «تەخىغەچە» دېگەن «تا ـ ھەنوز»، «ھەلىغەچە» دېگەن «تاھال» دېگەن بولۇر. مۇددەئا شۇ ـ كى، تۈركىي زەباندا سۆز ئىستىئمالى پات ـ پات تەغىرۇ تەبدىل تاپىپ تۇرادۇر. مۇنداغ تەغىر تەبدىل بولماقىنىڭ سەبەبى ئام خەلقىنىڭ قۇسۇرىدۇر. چۈنكى، ئۇلار سۆزدە ھۆسن ۋە قۇبھىنى تەمىز قىلماسلار، بەلكى نەقىزنى ھەم رىئايە قىلماسلار. مۇنداغ سۆز بىر مەنتىقدانىنىڭ ھوزۇرىغا تۈشكەندە ئانىڭ نۇقسىنى رەد قىلىپ چىقارادۇر. ئەھلى مەنتىق ناتىق ئۈچۈن راستلاپ قويغان سۆزلەرى باردۇر. مەسەلەن، «ئەمر»، «ئىلتىماس»، «دۇئا» بۇ ئۈچ كەلىمەنىڭ مەئنەسى بىردۇر. لېكىن ئىشلەتەدۇرغان يەرىدە تەفاۋۇتى چوڭ بەر كافىدۇر. «ئەمىر» دەپ ئۆزىدىن كىچىك ـ كە ئايتادۇر، «ئىلتىماس» دەپ ئۆز بەرابەرىداكىگە ئايتادۇر، «دۇئا» دەپ ئۆزىدىن چوڭغا ئايتادۇر. ئەگەر كىشى شۇنداغ رە ـ ۋىشنى تاشلاپ يا بىلمەي تەرجىمە قىلسا، چوڭ ئەيىپ قىلۇر.



## نەقىل قىلماقنىڭ بايانى

يەشمىسى: بىر كىتابنىڭ سۆزىنى يەنە بىر كىتابقا كۆچۈرىدۇ ياكى بىر كىشى بىر ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە كۆچۈپ چىقىدۇ ۋە ياكى بىر سەپەرگە بارغۇچى خاسىيەتلىك كۆڭنى كۆزلەپ «بىر يەرگە كۆچىمىز» دەپ دوستىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ، ئۇ يەردىن سەپەرگە چىقىدۇ، ياكى بىر تۈپ كۆچەتنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ يەنە بىر يەرگە كۆچۈرۈپ سالىدۇ. شۇنداقكى، بىر كىشى ئولتۇرغان ئۆيىدىن كۆچۈپ يەنە بىر ئۆيگە چىقىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئىستېمالى ۋە «نەقىل» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «كۆچمەك» ۋە «كۆچۈرمەك» دېگەنلىك بولىدۇ. بىر كىشى بىر يەردىن كۆچۈپ كەلسە، ئۇ كىشىنى «كۆچمەل» دەپ ئاتايمىز. بەزى قىرغىزلار ئاتلىرىنى «كۆچكۈنچى» دەپ ئاتايدۇ.

بىر رىۋايەتتە يېزىلىپتۇكى، خۇدايى تائالانىڭ بىر گۇرۇھ پەرىشتىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار «نەققال پەرىشتىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى بىر مۇقەددەس جايدا مۇقەددەس ئەمەس ئادەم دەپنە قىلىنغان بولسا، مۇقەددەس ئەمەس ئادەمنى يۆتكىۋېتىپ، بىر مۇقەددەس كىشىنى دەپنە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دائىملىق قىلىدىغان خىزمىتى مۇشۇدۇر. «نەققال»نىڭ مەنىسى «تولا كۆچۈرگۈچى» دېگەنلىك بولۇر. بۇ ئىسىم مۇبالىغە شەكلى بىلەن ئېيتىلىپتۇر.

بىر كىتابتىن ۋە ياكى بىر قەغەز يۈزىدىن بىر خەتنى يەنە بىر قەغەزگە ياكى يەنە بىر كىتابقا كۆچۈرىدۇ. كۆچۈرتۈش ياكى كۆچۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى شۇكى، كىتاب كونا بولسا ياكى كىتابنى كۆپرەك قىلىش ئۈچۈن كۆچۈرىدۇ. يەنە بىرى شۇكى، بىر مۇھىم دۇرلۇق ۋەسىقەنىڭ كۆچۈرۈلگىنىنى ئېلىپ، ئەسلى ۋەسىقىنى قېشىدا ساقلاپ، كۆچۈرۈلگەن ۋەسىقىگە ئاساسلىنىپ تاكى يۈلىنى ئېلىشۋالغۇچە ئەرز قىلىدۇ. خەتتاتنى ئەرەب تىلىدا «كاتىب»، پارس تىلىدا «نەۋىسەندە» دەپ ئاتايدۇ. خەتتات بىر خەتنىڭ نەقلىنى ئالماقچى بولسا، خەتتاتنىڭ ئىملاسى ياخشى بولسا شۇنداقلا بىر كىشى خەتنى بىر تەرەپتىن ئوقۇپ بەرسە، خەتتات خەتنى ئىتتىك، ئوڭاي يازالايدۇ. ئەگەر خەتتاتنىڭ ئىملاسى ياخشى بولماي، ئېغىزدىن چىققاننى يازسا، ھەرپلىرى ئۆزگىرىپ خاتا كۆچۈرۈلۈپ قالىدۇ. ئىملاسىز كىشى خەتكە ئۆزى قاراپ يازسا ياخشىراق بولىدۇ ھەمدە يازغاندا ھەرپلىرىنى ئوقۇپ بەرسە يازغاندا قائىدىلىك بولىدۇ.

## تەرجىمىنىڭ بايانى

«تەرجىمە» دەپ بىر سۆزنى يەنە بىر سۆزگە ئۆزگەرتىشنى ئېيتىدۇ. بىر سۆز ئەرەبچە بولسا ئۇنى پارسچىگە ۋە ياكى تۈركىيچىگە ۋە ياكى باشقا بىر تىلغا ئۆزگەرتىشنى «تەرجىمە قىلدى» دەپ ئېيتىدۇ. بۇ ئىش ئوڭاي ئەمەس. چۈنكى، بىر تىلنىڭ سۆزىنى يەنە بىر تىلنىڭ سۆزىگە ئىزمۇئىز كەلتۈرۈپ، كەم ۋە زىيادە قىلماي چىقارماقلىق ناھايىتى مۇشكۈلدۇر. بىر سۆزنى ئۆز قېلىپىدىن يەنە بىر سۆز قېلىپىغا ئوخشاش كەلتۈرمەك ئوڭاي ئەمەس. ئەگەر بىر سۆزنى ئۆز قېلىپىدىن چىقىرىپ يەنە بىر سۆزنىڭ قېلىپىغا سالغاندا، كۆپىنچىلىرى ئوخشاش كەلمەيدۇ. توغرا شەكلىنى ئېتىبارغا ئالماي سۆزنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئىپادىلىمەك ئاسانراق بولىدۇ. لېكىن، ئاللاھنىڭ كالامى قايسى ئۇسلۇب ۋە يول بىلەن نازىل قىلىنغان بولسا، شۇ يولدىن يىگىننىڭ ئۇچىدەك ئېغىشىپ كېتىشكە بولمايدۇ. بىر كىشى «مەن پاساھەتلىك، بالاغەتلىك» دەپ ئەسلىي سۆزدە كەم ۋە زىيادىلىك قىلسا، ئۆزگەرتىۋەتسە، بۇ تەرجىمان قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

باشقا ئاپتورلارنىڭ تەرجىمىسىدە مۇراد ـ مەقسەتلىرىنى ئىپتىشنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى بار، يا بىر ھېكايىنى ئىككى خىل شەكىل بىلەن ياكى ئۈچ خىل شەكىل بىلەن ئەسلىي مەقسەتنى تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ. سۆز ھەر زامان ۋە ھەر تىلدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، يۈز يىل بۇرۇن ئىستېمال قىلىنغان سۆز ھازىر ئىستېمال قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئىستېمال قىلىنسا، كەمدىن ـ كەم ئىستېمال قىلىنىدۇ. مىسالغا ئالساق، «نەقد» دېگەن سۆزنى ھازىر «پۇل» دەيدۇ. ئىلگىرى «نەقد، نىسى» دەپ گەپ بار ئىدى. يەنە مىسالغا ئالساق، «ئەمدىغىچە، تېخىغىچە، ھېلىغىچە» دېگەن بۇ ئۈچ سۆز تۈركىيچىدە بىر مەنىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەمما، پارسچىگە تەرجىمە قىلساق، «ئەمدىغىچە» دېگەن سۆز پارسچىدا «تا ئەكنۇن»، «تېخىغىچە» دېگەن سۆز «تا ھەنۇز»، «ھېلىغىچە» دېگەن سۆز «تاھال» دەپ ئېلىنىدۇ.

مەقسەت شۇكى، تۈركىي تىلدا سۆز ئىستېمالى پات ـ پات ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مۇنداق ئۆزگىرىپ تۇرۇشنىڭ سەۋەبى ئاۋامنىڭ خاتالىقىدۇر. چۈنكى، ئۇلار سۆزنى چىرايلىق ۋە سەت دەپ ئايرىمايدۇ ھەم قارشىسىغىمۇ رىئايە قىلمايدۇ. مۇنداق سۆز بىرەر مەنتىقىغە پىششىق كىشىنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۇنىڭ خاتالىقىنى تېپىپ چىقىپ رەت قىلىدۇ. ئەھلى مەنتىق ۋە ناتىقلارنىڭ ساقلاپ قويغان سۆزلىرى بار. مەسىلەن، «ئەمر، ئىلتىماس، دۇئا» دېگەن بۇ ئۈچ سۆزنىڭ مەنىسى ئوخشاش، لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىتىلىدىغان ئورنىدا خېلى پەرق بار. «ئەمر» دەپ ئۆزىدىن كىچىككە ئېيتىدۇ، «ئىلتىماس» دەپ ئۆزى بىلەن تەڭتۇشلارغا ئېيتىدۇ، «دۇئا» دەپ ئۆزىدىن چوڭغا ئېيتىدۇ. ئەگەر كىشى شۇنداق بىر قائىدىگە ئەمەل قىلماي ۋە ئۇنى بىلمەي تەرجىمە قىلسا، چوڭ خاتالىق سادىر قىلغان بولىدۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)



**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ**

# ئەمىرىينىڭ زەلىلىي غەزەللىرىگە يازغان تەخمىسلىرى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر نامايەندىسى بولۇپ، ئەسەرلىرىدىن دىيارىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان بىر قانچە قول يازمىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شائىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى تا بۈگۈنگە قەدەر تېكىستولوگىيە جەھەتتىن ئىلمىي ئۆگىنىلگىنى، ئەسەرلىرىنىڭ رايونىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىلىرىدىكى پەرقلەر تەتقىق قىلىندىغىنى يوق. بىز بۇ يازمىمىزدا قوقەند خانى ئەمىر ئۆمەرخان (1787 — 1822) دىۋانىدا ئۇچرىغان، زەلىلىي غەزىلىگە يېزىلغان ئۈچ تەخمىسنى تەييارلاپ، بۇلارغا ئاساس بولغان زەلىلىي غەزەللىرىنى شائىرىمىزنىڭ قولىمىزدىكى قول يازمىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، كۆرۈلگەن پەرقلەرنى كۆرسەتتۇق. تېخىمۇ ئېنىقىنى ئېيتقاندا، شائىرىمىز مۇھەممەد سىددىق زەلىلىينىڭ شۇ تەخمىسلەرگە ئاساس بولغان ئۈچ غەزىلىنىڭ قوقەند ۋارىيانتىنى[①] رايونىمىزدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش ئارقىلىق بەزىبىر مەسىلىلەرنى بايقىدۇق ھەم شۇ ئۈچ تەخمىسنى مەتىن پەرقلىرى، فاكسىمىلى بىلەن قوشۇپ نەشرگە تەييارلىدۇق. بىراق ئۆمەرخان دىۋانىدىكى تەخمىسلەردىن بىرىگە ئاساس بولغان غەزەل زەلىلىي دىۋانىنىڭ نەشر نۇسخىسى[②] ۋە قولىمىزدىكى ئۈچ قول يازمىسىدا ئۇچرىمىغانلىقتىن[③]، بۇ غەزەلنى زەلىلىي دىۋانىنىڭ رايونىمىزدىكى يازمىلىرىغا سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى. يەنە مەنبەلەردىن ئەمىر ئۆمەرخان دىۋانىنىڭ ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدا 2850 رەقەم بىلەن ساقلىنىۋاتقان قول يازما (A نۇسخا)نى كۆرۈش ئىمكانىيىتىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ نۇسخىنىڭ مەتىن ئالاھىدىلىكى ۋە بېرىلگەن ئىزاھلارنى دوكتور كازىم كۆكتېكىن نەشرىدىن[④] ئالدۇق.

① «يۇسۇف ئەمىرىي دىۋانى»(كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان)، ئەرزۇرۇم، 2007 ـ يىلى نەشرى؛ ئۆمەرخان دىۋانىنىڭ ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدا TY5452 رەقەم ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىسىنىڭ فاكسىمىلى؛ ئەمىرىي: «دىۋان»(مەھبۇبە قادىروۋا تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1972 ـ يىلى نەشرى؛ ئاتابېك رۇستەمبېك ئوغلى: «زەلىلىي شېئىرلىرى ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىرى ۋە شائىرلىرى نىگاھىدا» (ماقالىدە ئۆمەرخاننىڭ زەلىلىي غەزەللىرىگە يازغان ئىككى تەخمىسى بېرىلگەن)، «ئەدەبىيات كۆزگۈسى»، 10 ـ سان، تاشكەنت، 2008 ـ يىلى نەشرى.

② زەلىلىي: «دىۋانى زەلىلىي»(ئىمىن تۇرسۇن تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

③ «دىۋانى زەلىلىي»(ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «چوڭ دىۋان» دەپ ئاتىغان نۇسخا)؛ «دىۋانى زەلىلىي» (ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «كىچىك دىۋان» دەپ ئاتىغان نۇسخا)؛ «دىۋانى زەلىلىي»، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا 0167 رەقەم ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخا.

④ دوكتور كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان «يۇسۇف ئەمىرىي دىۋانى» ئەمەلىيەتتە ئەمىر ئۆمەرخان دىۋانى بولۇپ، بۇ ھەقتە ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2014 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ‹ئەمىرىي، تەخەللۇسلۇق ئىككى شائىر ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

1[1]

— — — V / V — / — — — V / V — / — V / V — — —

فائىلۇن مەفائىيلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەشتەر)

ئەي كۆڭۈل، بۇ دەير ئىچرە رىندلەرغە ئۇلفەت تۇت،
مۇغبەچە ئاياغىن ئۆپ، دەير پىرىن ئىززەت تۇت،
بادە نۇش ئېتىپ جانان[2] جىلۋەسىن غەنىيمەت تۇت،
بىر نەزەر كۆرۈپ[3] ئاشىق جان بېرۇرنى[4] مىننەت تۇت،
ئاستانەئى مەئشۇق ياستانۇرنى نىيەت[5] تۇت.

ئەي سەبا، دېگىل بارىپ ئەرزىم ئول قارا كۆزگە،
بىزنى سالدى ھىجرانى مۇنچە دەردى جان سۆزگە،
ئوخشاماس پەرىلەركىم ئول بۇتى دىلەفرۇزگە،
باۋەر ئەيلە بۇ سۆزگە، سۇرمە قىل سۆزۈم كۆزگە،
يوقتۇ[6] ياردىن ئۆزگە، غەيردىن[7] ھەزىيمەت تۇت[8].

بەرمە كۆڭۈل، ئەي سالىك، بىۋەفادۇرۇر ئالەم،
ھەر نەكىم ئېرۇر مەۋجۇد، بولغۇسى ھەمە بەرھەم،
بۇ رەبات ئارا ئەلدىن نەقدى ئۆمر ئالۇر كەم كەم،
كۆھنە لەنگەرى ئالەم، كارۋان ئېرۇر ئادەم،
دەم ئالىپ ئۆتەر بىر[9] دەم، سەن بۇ دەم غەنىيمەت[10] تۇت.

بىۋەفا ئېرۇر ئالەم، جامى بادە قىلغىل نۇش،
قىلدى كۆپ شەكەر لەبنى مەرگ بادەسى بىھۇش،
كۆپ سۇخەنسەرالارنى ئەيلەدى ئەجەل خامۇش،
سەرۋ قامەتى گۈلپۇش، زۇلفى كاكۇلى بەردۇش،
ئەيلەدى كەفەن ئاغۇش، ئەقلىڭ ئولسا ئىبرەت[11] تۇت.

---

① بۇ تەخمىس ئۆمەرخان دىۋانىنىڭ تاشكەنت نەشرىدە يوق.
② نۇسخىدا «جانا» دەپ يېزىلغان،TY5452 نۇسخا بويىچە ئېلىندى.
③ «كىچىك دىۋان»دا «باقىپ» دەپ ئېلىنغان، «چوڭ دىۋان»، A نۇسخا ۋە TY5452 لەردىكى بويىچە ئېلىندى.
④ ئاتابېك رۇستەمبېكنىڭ ماقالىسىدە «ئاشىقى جان پەرۋەرنى» دەپ ئېلىنغان.
⑤0167، «كىچىك دىۋان»، A نۇسخا، TY5452 ۋە ئاتابېك رۇستەمبېكلەردە «دەۋلەت» دەپ يېزىلغان، «چوڭ دىۋان»دىكى بويىچە ئېلىندى.
⑥ «چوڭ دىۋان»، A نۇسخا، TY5452 ۋە ئاتابېك رۇستەمبېكلەردە «يوقتۇر» دەپ يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى ئۈچۈن 0167 بىلەن «كىچىك دىۋان»دىكى بويىچە ئېلىندى.
⑦ A نۇسخىدا «ئۆزگەگە» دەپ يېزىلغان.
⑧ A نۇسخىدا «قىل» دەپ يېزىلغان.
⑨ 0167 دە «ھەر» دەپ يېزىلغان.
⑩ 0167، «كىچىك دىۋان»، A نۇسخا، TY5452 ۋە ئاتابېك رۇستەمبېكلەردە «دەمنى فۇرسەت» دەپ يېزىلغان، «چوڭ دىۋان»دىكى بويىچە ئېلىندى.
⑪A نۇسخا ۋە ئاتابېك رۇستەمبېكنىڭ ماقالىسىدە «ئۆزلەت»، TY5452 دە «ئىززەت» دەپ يېزىلغان، «چوڭ، كىچىك دىۋان»لاردىكى بويىچە ئېلىندى.

تاڭلا كۆز ياشۇرغاندا، فىتنە باش چىقارغاندا،
غەم يولىدا[1] بارغاندا، قول ئاياغ قاپارغاندا،
ئەل قىغان كۆتەرگاندا، سارغارىپ[2] قىزارغاندا،
ھەشرگەھگە[3] بارغاندا، قىلنى قىرق يارغاندا،
تەلمۈرۈپۇ ھارغاندا[4]، دامەنى شەفائەت تۇت.

ئىستەسەڭ دۇرى مەقسەد[5] ئىشق بەھرىنە[6] غەرق ئول،
ئەزمى كەئبەئى دىل قىل، قەتئىن ئەيلەپ[7] ئوڭۇ سول،
كۆڭۈل ئۈز بۇ[8] دۇنيادىن، بىر ئېتەك[9] تاپىپ ئۇر قول،
گەر تاپاي دېسەڭ سەن يول، تەرك ئېتىپ قەلەندەر بول،
خۇمى[10] خۇسرەۋىيدەك[11] تول[12]، كۇچەئى مۇھەببەت تۇت.

ساقىيا، قەدەھ كەلتۇر، يار بادە نۇش ئولدى،
چېھرە لالەرەنگ[13] ئەيلەپ، تۇررەسى بەدۇش ئولدى،
سۇنبۇلى سەرۇ زۇلفى دامى ئەقلۇ ھۇش ئولدى،
بادە شىيشەگە[14] تولدى، خۇنى دىل بەجۇش ئولدى[15]،
مۇھتەسىب يەقىن بولدى[16]، رىند بىرلە سۇھبەت تۇت.

ئەي ئەمىر، ئاشىق بول، گەر بولاي دېسەڭ كامىل،
يار ئىشقىدىن تانما، گەر ئېرۈرسەن ئەھلى دىل،
دەردى داغ پەيدا قىل، ئۇزلەت ئەيلەگىل مەنزىل،
ئەي زەلىلىي[17] بىھاسىل، ئىشق ئېلىگە بول ۋاسىل،
بولما بىر نەفەس غافىل، گۇشەئىدە[18] خىلۋەت تۇت.

---

① TY5452 دە «يۇكىدە» دەپ ئېلىنغان.
② ئاتابېك رۇستەمبېكنىڭ ماقالىسىدە «سارغايىپ» دەپ ئېلىنغان.
③ A نۇسخا، TY5452 ۋە ئاتابېك رۇستەمبېكلەردە «ھەشرگاھغا» دەپ يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «چولۇق، كىچىك دىۋان»لاردىكى بويىچە ئېلىندى. 0167 دە بولسا بۇ سۆز ۋەزىنگە چۈشكەن ھالدا «ھەشرگاغا» دەپ يېزىلغان.
④ دوكتور كازىم كۆكتېكىن بىلەن ئاتابېك رۇستەمبېك بۇ سۆزلەرنى «تەلمۈرۈپ بوزارغاندا» دەپ ئالغان.
⑤ ئاتابېك رۇستەمبېك بۇ سۆزلەرنى «دىرى مەقسەدى» دەپ ئالغان.
⑥ ئاتابېك رۇستەمبېكتە «بەھرىغە» دەپ ئېلىنغان.
⑦ TY5452 دە «ئەيلە»دە ئېلىنغان.
⑧ ئاتابېك رۇستەمبېكتە «بۇل» دەپ ئېلىنغان.
⑨ A نۇسخىدا «ئىنەك» دەپ ئېلىنغان.
⑩ A نۇسخىدا «جەم» دەپ يېزىلغان.
⑪ A نۇسخا ۋە TY5452 لەردە «خۇسرەۋاندەك» دەپ يېزىلغان، 0167 ۋە «چولۇق، كىچىك دىۋان»لاردىكى بويىچە ئېلىندى. ئاتابېك رۇستەمبېك بۇ بەيتنى «خەم خىسرەۋاندەك» دەپ ئالغان.
⑫ 0167 دە «بول» دەپ يېزىلغان.
⑬ ئاتابېك رۇستەمبېكتە بۇلار «چېھرەلەر رەنگ» دەپ ئېلىنغان.
⑭ A نۇسخا، TY5452 ۋە ئاتابېك رۇستەمبېكلەردە «شىيشەغە» دەپ يېزىلغان، 0167 ۋە «چولۇق، كىچىك دىۋان»لاردىكى بويىچە ئېلىندى.
⑮ «چولۇق دىۋان»دا «ئۇردى» دەپ ئېلىنغان.
⑯ ئاتابېك رۇستەمبېكتە بۇلار «تەئيىن ئولدى» دەپ ئېلىنغان.
⑰ ئاتابېك رۇستەمبېكتە «زەلىل» دەپ ئېلىنغان.
⑱ ئاتابېك رۇستەمبېكتە «گۇشەدە» دەپ ئېلىنغان.

2[1]

—VV/—V—V/——VV/—V—V

مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مەفائىلۇن فەئىلۇن

(مۇجتەسى مۇسەممەنى مەخبۇنى مەھزۇف)

سەھەر چەمەندە قۇلاغىمغا[2] بانگى ئۇد يېتەر،
بشارەتى كەرەمى ۋاجىبۇل ۋۇجۇد يېتەر،
بۇ كېچەكىم تولۇن ئاي[3] ساغەرىغە جۇد يېتەر،
فەلەك پىيالەسىدىن شەربەتى شۇھۇد يېتەر،
سەۋاد سۇرمە دېمە، كۆزلەرىمگە دۇد يېتەر.

تەرىقەت ئەھلىنى ئەندىشەسى قەنائەتدۇر،
ۋۇجۇد شەمئىنى كۆيدۇرمەك ئاڭا ئادەتدۇر،
چۇ ساف بولسا كۆڭۈل، ئەنجۇمەندە خىلۋەتدۇر،
چىراغى خانەقەھى سۇفىيان[4] نە ھاجەتدۇر،
ستارەئى فەلەكۇ گۇنبەدى كەبۇد يېتەر.

ھەۋايى ئىشقىدا پەرۋازى مىسلى تەير ئەتكىل،
ئانى ۋىسالى ئۇمىدىدە تەركى غەير ئەتكىل،
ۋۇجۇد كىسۋەتىنى تاشلا، كارى[5] خەير ئەتكىل،
تەمامى دەشتى تەرىقەت بەرەھنە سەير ئەتكىل،
كۇلاھى[6] خۇسرەۋى[7] پەشمىنەدىن نە سۇد يېتەر.

ۋىسالسىز بۇ چەمەندىن[8] كۆزۈمگە زىندان خۇب،
نشات مەھفىلىدىن كۇنجى بەيتۇلئەھزان خۇب،
ئەگەرچە بۇلبۇلى شۇرىدەغە گۇلىستان خۇب،
ماڭا[9] جەھان ئېلىنى[10] بەزمىدىن گۇرستان خۇب،
نەۋايى نەۋھەئى ھەر قەبردىن سۇرۇد يېتەر.

---

① بۇ تەخمىسكە ئاساس بولغان غەزەل زەلىلىي دىۋانىنىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىلىرىدا يوق. بۇ تەخمىس ئۇمەرخان دىۋانىنىڭ تاشكەنت نەشرىدە يوق.

② دوكتور كازىم كۆكتېكىن بۇ سۆزنى «قۇلاغىما» دەپ ئالغان. كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى TY5452 دە ئېنىق «قلاغيمغە» يېزىلغىنىغا قارىماي، بۇنىڭغا ھېچ ئىزاھ بەرمىگەن.

③ A نۇسخىدا «تولان ئاي» دەپ يېزىلغان، TY5452 ۋە ئاتابېك رۇستەمبېك نەشرىدىكى بويىچە ئېلىندى.

④ ئاتابېك رۇستەمبېكتە «سۇفىيانە» دەپ ئېلىنغان.

⑤ ئاتابېك رۇستەمبېكتە بۇلار «تاشلارگە» دەپ ئېلىنغان.

⑥ ئاتابېك رۇستەمبېكتە «كەلامى» دەپ ئېلىنغان.

⑦ TY5452 دە «خىرقەئى» دەپ يېزىلغان، A نۇسخىدىكى بويىچە ئېلىندى.

⑧ TY5452 دە «چەمەندە» دەپ يېزىلغان، A نۇسخا بىلەن ئاتابېك رۇستەمبېك نەشرىدىكى بويىچە ئېلىندى.

⑨ ئاتابېك رۇستەمبېكتە «مەنى» دەپ ئېلىنغان.

⑩ بۇ يەردىكى «نى» قوشۇمچىسى ئىگىلىك كېلىش رولىدا كەلگەن بولۇپ، زەلىلىي دىۋانىنىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىلىرىدا بۇ غەزەل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قوشۇمچىنى ئېينەن ئالدۇق.

فىغانكى غەفلەت ئىلە نەقدى ئۆمر بولدى ھەبا،
ھەبىب رەۋزەسىغە يەتمەدىم چۇ بادى سەبا،
ئەمىر ئەردىم، ئەگەرچە مۇھەببى[1] ئالى ئەبا،
نەسەبەئى بۇ[2] جەراھەت، زەلىلىي[3]، ۋائەجەبا،
مۇھەممەدىي ئىدىمۇ شەربەتى جۇھۇد يېتەر.

[4]3

— — —V / — — —V / — — —V / — — —V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم)

غەمىڭدىن ئەي پەرى رۇخسارە، جانى ناتەۋانىم بار،
قىلۇرغا رەنگى ھىجرانىڭ قىلىچىن قەترە قانىم بار،
فىراقىڭ باغىدا بۇلبۇل كەبى مىڭ داستانىم بار،
يۈزۈڭنى كۆرمەگەچ ئەي گۈلئۈزارىم، يۈز فىغانىم بار،
جەھان باغىدا ئىستەرمەن سېنى، تا تەندە جانىم بار.

تۇتاشتى ئىشق ئۇتى كۆڭلۈم ئارا تەدبىر ئېتەلمەي مەن،
گۈلى سىيرابى رۇخسارىڭ[5] ئاڭا تەسۋىر ئېتەلمەي مەن،
مۇھەببەت شەرھىنى جان ئۆرتەنۈر[6] تەھرىر ئېتەلمەي مەن،
ئەلەم مەكتۇبىنىڭ[7] مەزمۇنىدىن[8] تەقرىر ئېتەلمەي مەن،
ئېشىتكەن خەلق كۈيگەي[9]، شۇئلەئى تىيغى زەبانىم بار.

قەدەم ئۇرگەن مۇھەببەت كۈيىغا[10] ئەفسانە بولماسمۇ،
پەرىلەر بىرلە سۇھبەت ئەيلەگەن دىۋانە بولماسمۇ،
غەمى يار ئىستەگەن ئەغيارىدىن بىگانە بولماسمۇ،
جۇنۇن شەھرى سەراسەر ئاقىبەت ۋەيرانە بولماسمۇ،
كۆزۈم ياشى[11] چۇ دەريا، ھەر تەرەف ئابى رەۋانىم بار.

① A نۇسخىدا «مۇھەببەتى» دەپ كەلگەن، TY5452 دىكى بويىچە ئېلىندى.
② A نۇسخىدا «چۇ» دەپ كەلگەن، TY5452 دىكى بويىچە ئېلىندى.
③ ئاتابېك رۇستەمبېكتە «زەلىل» دەپ ئېلىنغان.
④ بۇ تەخمىسكە ئاساس بولغان غەزەل زەلىلىي دىۋانىنىڭ قولىمىزدىكى قول يازمىلىرىدىن پەقەت «كىچىك دىۋان»دىلا بار. ئاتابېك رۇستەمبېكنىڭ ماقالىسىدە بۇ شېئىر بېرىلمىگەن.
⑤ A نۇسخىدا بۇ سۆزلەر «گۈلى رۇخسارى سىيرابىڭ» دەپ يېزىلغان،TY5452 دىكى بويىچە ئېلىندى.
⑥ TY5452 دە «ئۆرتەنىپ» دەپ يېزىلغان.
⑦ A نۇسخا، TY5452 ۋە تاشكەنت نەشرىدە «جۇنۇن مەكتۇبىنى» دەپ يېزىلغان، «كىچىك دىۋان»دىكى بويىچە ئېلىندى.
⑧ A نۇسخا، TY5452 ۋە تاشكەنت نەشرىدە «مەزمۇنىنى» دەپ يېزىلغان، «كىچىك دىۋان»دىكى بويىچە ئېلىندى.
⑨ A نۇسخا، TY5452 ۋە تاشكەنت نەشرىدە «يىغلار» دەپ يېزىلغان، «كىچىك دىۋان»دىكى بويىچە ئېلىندى.
⑩ تاشكەنت نەشرىدە «كۈيىگە» دەپ ئېلىنغان.
⑪ «كىچىك دىۋان»دا «كۆزۈم ياشىم» دەپ يېزىلغان.

پەرى رۇخلار يۈزىنى ماھ دەرمەن، ئەيىب قىلماڭلار،
سەھى قەدلەر غەممىدىن ئاھ دەرمەن، ئەيىب قىلماڭلار،
ھەرىمى دىلنى بەيتۇللاھ دەرمەن، ئەيىب قىلماڭلار،
كۆڭۈلنى پايى تەختى شاھ دەرمەن، ئەيىب قىلماڭلار،
ۋۇجۇدىم شەھرىدە لەشكەركەشى ساھىبقىرانىم بار①.

ئەمرا، ماڭا ئوخشاپ غەمدە مۇئتاد ئولماغىل ھەرگىز،
ئەسىرى جىلۋەئى ئول سەرۋى ئازاد ئولماغىل ھەرگىز،
مەنى مەھزۇن تاپىپ ئەي ئىشق، جەللاد ئولماغىل ھەرگىز،
يىقىلدى دەپ زەلىلىينى ئەدۇ② شاد ئولماغىل ھەرگىز،
مەدەدكارى ئانىڭ③ سۇلتان ساتۇقى بۇغراخانىم بار.

پايدىلانمىلار:
1. «يۇسۇف ئەمىرىي دىۋانى»(كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان)، ئەرزۇرۇم، 2007 ـ يىلى نەشرى.
2. «ئەمىر ئۇمەرخان دىۋانى»، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا TY5452 رەقەم ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىنىڭ فاكسىمىلى.
3. ئەمىرىي: «دىۋان»(مەھبۇبە قادىروۋا تەييارلىغان)، تاشكەنت، 1972 ـ يىلى نەشرى.
4. زەلىلىي: «زەلىلىي دىۋانى»(ئىمىن تۇرسۇن تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.
5. زەلىلىي: «دىۋانى زەلىلىي»، مەرھۇم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «چوڭ دىۋان» دەپ ئاتىغان قول يازمىنىڭ فاكسىمىلى.
6. زەلىلىي: «دىۋانى زەلىلىي»، مەرھۇم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «كىچىك دىۋان» دەپ ئاتىغان قول يازمىنىڭ فاكسىمىلى.
7. زەلىلىي: «دىۋانى زەلىلىي»، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا 0167 رەقەم ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىنىڭ فوتو نۇسخىسى.
8. قۇربانجان ئابدۇقادىر، ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف: «‹زەلىلىي دىۋانى›غا تولۇقلىما»، «بۇلاق»، 2014 ـ يىللىق 3 ـ سان.
9. ئاتابېك رۇستەمبېك ئوغلى: «زەلىلىي شېئىرلىرى ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىرى ۋە شائىرلىرى نىگاھىدا»، «ئەدەبىيات كۆزگۈسى»، 10 ـ سان، تاشكەنت، 2008 ـ يىلى نەشرى.
10. ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف: «كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ‹ئەمىرىي› تەخەللۇسلۇق ئىككى شائىر ھەققىدە مۇلاھىزە»، «بۇلاق»، 2014 ـ يىللىق 6 ـ سان.
11. تۇرسۇن قۇربان تۇركەش: «قەلەندەرلەر سىلسىلەسى»، «بۇلاق»، 2011 ـ يىللىق 3 ـ سان.
12. تۇرسۇن قۇربان تۇركەش: «‹ئون ئىككى مۇقام›دىكى زەلىلىي غەزەللىرى توغرىسىدا»، «بۇلاق»، 2012 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىرانتى)

① زەلىلىينىڭ بۇ بېيتى «كىچىك دىۋان»دا يوق، ئەمما «كىچىك دىۋان»دا ئىككىنچى بېيت بولۇپ كەلگەن «كېلىپ ھىجران تۈنىدە ھالەتىمدىن سەن خەبەردار ئول، تۆلۈئى سۇبھ بولغۇنچە بەسى شەرھى بەيانىم بار» دېگەن بېيت ئەمىرىي دىۋانىدا ئۇچرىمايدۇ.
② بۇ يەردىكى «زەلىلىينى ئەدۇ» دېگەن سۆزنى كازىم كۆكتېكىن «زەلىلىي بىئەدەد» دەپ ئوقۇغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ «كىچىك دىۋان»، TY5452 ۋە تاشكەنت نەشرىدىكىدەك «زەلىلىينى ئەدۇ» بولۇشى كېرەك. كازىم كۆكتېكىننىڭ A نۇسخا بىلەن TY5452 نىڭ بۇ سۆزدىكى مەتىن پەرقىنى كۆرسەتمىگىنىگە قارىغاندا، A نۇسخىدىمۇ «زەلىلىينى ئەدۇ» دەپ يېزىلغان بولۇشى ئېھتىماللىقى بەك يېقىن.
③ A نۇسخا، TY5452 ۋە تاشكەنت نەشرىدە «مەدەدكارىم مېنى» دەپ يېزىلغان، «كىچىك دىۋان»دىكى بويىچە ئېلىندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا نۇر

# ئىبرەتلىك ھېكايىلەر

## تەقدىر

بۇخارا ئەمىرلىرىدىن بىرسى ئوردىدىكى قۇرچىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، قۇر سالدۇرۇپ قانداق بىر تەقدىر ـ قىسمەت بىلەن جان تەسلىم قىلىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. قۇرچىلار ئەمىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ يۇلتۇزىنى نىشانلاپ قۇر سالدى ۋە ئەمىرگە دېدى:

— جانابىي ئەمىر، گۇناھىمىزدىن كەچكەيسىز، مەلۇم بولدىكى، سىز ئەزىز ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىدا بىرەر نەرسە بېسىۋېلىش سەۋەبىدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغۇدەكسىز.

بۇنى ئاڭلىغان ئەمىر ئوردىدىن چىقىپ، كەڭ دالادا ياشاش توغرىسىدا ئوردا ئەھلىگە پەرمان چۈشۈردى. پەرمان ئىجرا قىلىنىپ بىر قىسىم ئوردا ئەھلى دالادا بارگاھ قۇرۇپ ئەمىر بىلەن بىرگە ياشاشقا باشلىدى. ئەمىر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش مەقسىتىدە، بىرەر نەرسىنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ بارگاھقىمۇ كىرمەستىن، يەرگە سېلىنغان زىلچا ۋە كۆرپىلەر ئۈستىدە ئاسماننى يېپىنجا قىلىپ ياشاشقا باشلىدى. ئەمىرنىڭ كۈندە چۈشلۈك غىزادا ئىسسىق پولۇ يېيىش ئادىتى بار ئىدى، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوردا ئاشپىزى ئەمىرنىڭ چۈشلۈك غىزاسى ئۈچۈن تەييارلانغان تائاملارنى ۋە مەززىلىك ھىدى ھەر ئىنساننىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلاپ تۇرىدىغان پولۇنى ئەمىرنىڭ ئالدىغا قويدى، ئەمىر غىزالىنىشقا كىرىشتى. ئۇ ھەر كۈندىكىدىنمۇ بەكرەك ئوخشىتىپ دۈملەنگەن پولۇنى ھۇزۇر بىلەن يەۋېتىپ، پولۇنىڭ تېخىمۇ ئىسسىقراق جايىنى تاۋى تارتتىدە، ئاشنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ يېمەكچى بولغانىدى، لېگەندىكى پولۇنىڭ ئۈستى ئەمىرنىڭ كاپاملاپ ئاش ئېلىۋاتقان قولىنىڭ ئۈستىگە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ بارماقلىرىنى بېسىۋالدى. مانا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، شۇ سەۋەب بىلەن ئەمىرنىڭ قولى بارا ـ بارا ئىششىپ، ئاخىر داۋاسىز جاراھەتكە ئايلاندى ۋە جاراھەتنىڭ زەردابى قانغا ئۆتۈپ، ئەمىرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

## پۇتۇلمىش

سەمەرقەندتە مەشھۇر بىر زەردار بار ئىدى، ئۇ ھەددى ـ ھېسابسىز مالۇ دۇنياغا ئىگە ئىدى. پۈتۈن

ئۆمرىنى سودا ـ سېتىق ۋە زەردارلىق بىلەن مال ـ مۈلۈك يىغىشقا سەرپ قىلغان زەردار يېشىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ قورچىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ قانداق بىر تەقدىر ـ قىسمەت بىلەن باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىشنى ئىستىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، قورچى زەردارنىڭ خانىدانىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يۇلتۇزىنى نىشانلاپ قۇر سالغانلىقىنى، ئۇنى نامەلۇم بىر ئۆمىلىگۈچى ھايۋاننىڭ چېقىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان زەردارنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى، ياشلىقىدا مۇشەققەت بىلەن توپلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلمەيلا ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمىدى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئىشتىياقىدا، يەرگە دەسسىمەسلىكنى ئۆمىلىگۈچى زەھەرلىك ھايۋانلاردىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ بىردىنبىر ئاقىلانە چارىسى، دەپ ئويلاپ كېچەيۈكۈندۈز ئات ئۈستىنى ماكان تۇتتى. ھەتتا، ئۇخلىسىمۇ ئاتنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، يايلىنى تۇتۇپ يېتىپ ئۇخلايدىغان بولدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۈن كېچىدە ئات ئۈستىدە شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغان زەردارنىڭ بوينىنى كۈندۈزى ئاتنىڭ يايلىغا چاپلىشىۋالغان زەھەرلىك چايان چېقىۋالدى ـ دە، شۇ سەۋەبتىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى.

## ھاتەمنىڭ جاۋابى

غەزنىنىسنىڭ ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ، دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ كەمبەغەللەرگە تىللا ۋە كۈمۈش تەڭگە تارقىتىۋاتقان ھاتەمنىڭ ئالدىغا چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان، مادارىدىن كەتكەن بىر بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ كېلىپ، ئېھسانغا قول سوزدى، ئۇ ھاسىسىنى ھاتەمنىڭ پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويىۋالغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. ھاتەم ئۇندىمەستىن بىر سىقىم كۈمۈش تەڭگە ۋە بىر سىقىم تىللا تەڭگىنى بوۋاينىڭ خالتىسىغا سېلىپ بەردى، بوۋاي ھەشقاللا ئېيتىپ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دۇئا قىلىپ ھاسىسىنى ھاتەمنىڭ پۇتىنىڭ ئۈستىدىن يۆتكەپ كەينىگە ياندى. بۇ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان ھازىرانلار ھاتەمدىن سورىدى:

— بوۋاي ھاسىسىنى پۇتىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بارلىق ئېغىرلىقىنى ھاسىغا چۈشۈرۈپ تايىنىپ تۇرغاندا نېمە ئۈچۈن ئۇنى بۇ ئەھۋالدىن ئاگاھلاندۇرمايسەن؟

ھاتەم جاۋاب بەردى:

— بوۋاينى ئۇيالدۇرۇشتىن ۋە بوۋاينىڭ بەرگەن ئېھسانىمنى ئالماي كېتىپ قېلىشىدىن قورقتۇم.

## ئالدانغان زاھىد

پۈتۈن شەھەر ھېيت شادلىقىغا چۆمگەن، شەھەر ئەھلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان قۇربان ھېيت تەييارلىقىدا ئالدىراپ يۈرەتتى. بىر زاھىد قۇربانلىق ئۈچۈن بازاردىن قوچقار سېتىۋالدى ۋە ئۇنى يېتىلەپ ئۆيىگە كېتىپ بارغىنىدا، يېرىم يولدا بىر توپ كىشىلەرگە يولۇقتى، يولۇچىلارنىڭ كۆزى زاھىدنىڭ قوچقىرىغا چۈشتى ۋە كۆز قىزارتىپ، زاھىدنى ئالداپ قوچقارنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولۇشتى. ئارىدىن بىرسى زاھىدنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئەي شەيخ، بۇ ئىتنى قاياققا ئېلىپ كېتىۋاتىسەن؟

ئىككىنچى بىرسى دېدى:

— شەيخ بۇ ئىتنى ئوۋغا ئېلىپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ.

ئۈچىنچى بىرسى يەنە بىر تەرەپتىن كېلىپ دېدى:

— بۇ كىشى تاشقى كۆرۈنۈشىدىن زاھىدقا ئوخشايدىكەن، لېكىن ئەسلىدە زاھىد ئەمەس ئىكەن. چۈنكى، زاھىدلار ئىت بىلەن دوستلاشمايدۇ، قولىنى ئىتقا تەگكۈزۈشلا ئەمەس ھەتتا كىيىمىنىڭ پېشىنىڭ ئىتقا تېگىپ كېتىشىدىنمۇ يىرگىنىدۇ، ئىتنى ھارام دەپ سەسكىنىدۇ.

ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغان زاھىدنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ سېتىۋالغىنىنىڭ قوي ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىشكە باشلىدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— قوي ساتقان ئادەم جادۇگەر ئوخشايدۇ، ئىتنى كۆزۈمگە قوي قىلىپ كۆرسىتىپ ماڭا سېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، زاھىد ھېچ ئىككىلەنمەستىن قوينى تاشلاپ كەتتى، ھېلىقى بىكار تەلەپ ئالدامچىلار بولسا قوچقارنى جايىدىلا سويۇپ گۆشىنى بۆلۈشۈۋالدى.

## ھەسەت

بۇخارا رەستىسىدىكى چايخانىدا بىر توپ مۇساپىرلار چايخورلۇق قىلىشىپ ئولتۇراتتى، بىر داستىخانغا داخىل بولۇشۇپ، قاتتىق نانلىرىنى خۇشبۇي چايغا تۇگۇرۇپ يەپ مەززە قىلىشىۋاتقان ئۈچ نەپەر كىشىنىڭ ئارىسىدىكى ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن پېشقەدەم بىرسى گەپ ئاچتى:

— ئەزىزلەر، تەقدىر - قىسمەت بىلەن سەپەرنى ئىختىيار قىلىپ، مۇساپىرلىق تونىنى كىيىپ، يول ئازابىنى تارتىپ بۇ جايدا ھەمداستىخان بولۇپ ئولتۇرۇپتىمىز. تونۇشۇپ قالايلى، ئۆزىمىزنىڭ نېمە سەۋەبتىن ۋەتەننى تەرك ئېتىپ، يۇرت پاراۋانلىقى ۋە ئۆيلىرىمىزنىڭ راھىتىدىن كېچىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈشىمىزنىڭ سەۋەبىنى دەپ، ئىچ پۇشقىمىزنى چىقىرايلى.

ئىككىنچى بىرسى بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرۈپ سۆز باشلىدى:

— مەن گۈزەل ۋە باي بىر ماكاندا ياشايتتىم، لېكىن ئىشلىرى راۋاج تاپقان ئادەملەرگە ھەسەت قىلىپ، ئۇلارنى پەقەتلا كۆزۈمگە سىغدۇرالمايتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئويلاپ - ئويلاپ ئاخىر «كۆرۈشنى خالىمايدىغان كىشىلەرنى ۋە نەرسىلەرنى كۆرۈپ بۇنداق ئىچ پۇشقى تارتىپ يۈرگۈچە، ۋەتەننى تەرك ئېتىپ، بۇ ماكاندىن يىراقلارغا كەتسەم، كۆرۈشنى خالىمايدىغان ھەممە كىشى ۋە ھەممە نەرسە كۆزۈمدىن يوقالسىلا بولمىدىمۇ» دەپ ئويلاپ، سەپەرنى ئىختىيار قىلىپ، نۇرغۇن يول يۈرۈپ مانا بۇ جايغا كېلىپ، سىلەر بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ ئولتۇرۇپتىمەن.

ئۈچىنچى بىرسى گەپ باشلىدى:

— مەنمۇ دەل شۇ ھەسەت سەۋەبىدىن، كۆرەلمەيدىغان ئادەم ۋە نەرسىلەرنى كۆرمەيلا قويايچۇ دەپ، ۋەتەننى تەرك ئېتىپ سەپەرنى ئىختىيار قىلىپ بۇجايغا كېلىپ قالغانمەن.

بىرىنچى مۇساپىرمۇ دەل ھەسەت سەۋەبىدىن مۇساپىرلىق تونىنى كىيگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈچ نەپەر ھەسەتخور ئۆزئارا تونۇشۇپ، بىر - بىرسى بىلەن تېپىشتۇرغان تەقدىردىن خۇرسەن بولۇشۇپ، ھەسەت خۇرجۇنلىرىنى ئۈشنىسىگە ئارتىشىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپەرنى بىللە داۋاملاشتۇرماقچى بولۇشۇپ ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇپ يولغا راۋان بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار باياۋاندا كېتىپ بارغاندا ئالدىغا بىر ھەميان ئالتۇن ئۇچراپ قالدى، ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئالتۇنلارنى بۆلۈشۈۋالماقچى بولۇشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ خىرە قەلبىدىكى ھەسەت ئوچقۇنلىرى يېلىنجاپ يالقۇنغا ئايلاندى، ھەر بىرسى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بىرسىنىڭ ئالىدىغان ئۈلۈشىگە چىدىماستىن ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ چۆل - جەزىرىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئاچ، تەشنا ۋە ئۇيقۇسىز ھالدا تالاش - تارتىش قىلىشىپ، مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىشىپ يۈرگەنلىرىدە، بايا-

ۋاندا مەھرەملىرى بىلەن بىللە ئۇۋ ئوۋلاپ يۈرگەن شۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىغا يولۇقۇپ قالدى. پادىشاھ جەزىردە ھالسىراپ خارابلاشقان بۇ ئۈچ نەپەر مۇساپىردىن گەپ سورىدى، ھەسەتخورلار بار ـ يوق گەپنىڭ ھەممىنى پادىشاھقا ئېيتىپ بەردى:

— بىز ئۈچىمىز ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ يانغۇچىلارمىز، شۇ سەۋەبتىن ۋەتەنىنى تەرك ئېتىپ، يۇرت ۋە ئۆي ـ ماكانلىرىمىزدىن جۇدا بولۇشقانىدۇق، مانا ھازىر يولدىن تېپىۋالغان ئالتۇنلارنى تەقسىملەشتە بىرلىككە كېلەلمەي، ئوتتۇرىمىزدا نىزا پەيدا بولدى، بۇ ئالتۇنلارنى بۆلۈپ بېرىشكە قادىر بىر كىشىگە موھتاج بولۇپ تۇراتتۇق، تەقدىر بىزنى مانا سىز شاھىمىزغا يولۇقتۇردى.

شاھ دېدى:

— قېنى، ئۇنداقتا ھەر بىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭلار، مەن ھەسەتخورلۇقىڭلارنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ، بۇ ئالتۇنلارنى سىلەرگە مۇۋاپىق تەقسىملەپ بېرەي.

بىرىنچى ھەسەتخور دېدى:

— مېنىڭ ھەسەتخورلۇقۇم شۇ قەدەر كۈچلۈككى، ھەرقانداق ۋاقىتتا بىرەرسىگە شەپقەت ۋە ئېھسان قىلىشنى، بىرەر كىشىنىڭ ھەرقانداق سەۋەب بىلەن خۇشال ـ خۇرام يۈرۈشىنى ئەسلا خالىمايمەن.

ئىككىنچى ھەسەتخور دېدى:

— سەندە ھەسەت دېگەن نەرسىنىڭ ھېدىمۇ يوق ئىكەن، مېنىڭ ھەسەتخورلۇقۇم شۇقەدەر كۈچلۈككى، بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ھاجەتمەنگە ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئېھسان قىلسا ،تاقەت جامىم سۇنۇپ، سەۋر قاچام تېشىپ، جېنىم چىقىپلا كېتىدۇ.

ئۈچىنچى ھەسەتخور دېدى:

— سىز ئىككىڭىز ھەسەت ئىبارىسىدىن بىخەۋەر ئىكەنسىز، مېنىڭ ھەسەتخورلۇقۇم شۇقەدەر كۈچلۈككى، مۇبادا بىرەرسى ماڭا ياخشىلىق قىلسا، «بۇ كىشى مەندىن باشقىلارغىمۇ ياخشىلىق قىلىپ قالارمۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم چايناپ، ھەسەت گۈلخانىدا كۆيۈپ چۇچۇلا بولۇپ كېتىمەن.

بۇلارنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئىچى قارىلىقىدىن غەزەپلىنىپ دېدى:

— سۆزلىرىڭدىن قارىغاندا، بۇ ئالتۇنلار سەنلەرگە ھارامدۇر، سەنلەرنىڭ ھەر بىرىڭنى ئۆز قىلمىشلىرىڭغا لايىق جازالىماق ھەقتۇر. بار تۇرۇپ بىراۋغا بىرەر نەرسە ئېھسان قىلىشنى خالىمايدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇنى بەدنام قىلىپ، دۇنيا نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىش كېرەك. بىراۋنىڭ ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئېھسان قىلغانلىقىنى كۆرەلمەستىن ھەسەت قىلغان ئادەمنى كۆزىدىن يوقىتىپ، بۇ گۈزەل دۇنيانى ساڭا ئوخشىغان چىركىن ئەخلەتلەردىن تازىلىماق زۆرۈردۇر. ئۆزگىگە ھەم ئۆزىگە ھەسەت قىلغان ئادەمنى دۇنيادا بار بولغان بارچە ئازاب تۈرلىرى بىلەن جازالاپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈش ھەم كەملىك قىلۇر.

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، نۆكەرلەر بىرىنچى ھەسەتخورنىڭ بېشىنى ئاستىن، پۇتىنى ئۈستۈن قىلىپ ئېسىپ قويۇپ، شەھەر خەلقىنى ئىبرەتلەندۈردى. ئىككىنچى ھەسەتخورنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، كۆزىدىن يوقاتتى. ئۈچىنچى ھەسەتخورنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە زەھەر سۈركەپ ئاپتاپقا قاقلاپ ئۆلتۈردى. ھەمياندىكى ئالتۇنلارنى نامراتلارغا ئېھسان قىلىپ تارقىتىپ بەردى.

## تۆت دوست

سەمەرقەندنىڭ ئاۋات رەستىلىرىنىڭ بىرىدىكى ياسىداق چايخانىدا ئۇچرىشىپ، سىردىشىپ، دائىملىق ئۈلپەتلەردىن بولۇپ قالغان تۆت مۇساپىر، بىر ـ بىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،

تەقدىرداشلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلىشتى ۋە يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئوغلى شاھزادە، ئىككىنچىسى زەردارنىڭ ئوغلى ئېسىلزادە، ئۈچىنچىسى مەشھۇر بايىنىڭ ئوغلى سودىگەرزادە، تۆتىنچىسى ئېكىنزار غوجايىنىنىڭ ئوغلى مېھنەتكەش دېھقانزادە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشۈپ، يۇرتى ۋە خانىدانىنى تەرك ئېتىپ، مۇساپىرلىق جەندىسىنى ئۈستىگە ئارتىپ، جاھان كېزىپ يۈرگەن بەرنا يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار سەپەر جەريانىدا ئاخىرقى يارمىقىنىمۇ خەجلەپ تۈگەتتى، شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئېيتتى:

— بۇ دۇنيانىڭ بارلىق ئىشلىرى تەقدىرنىڭ قولىدىدۇر، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماي ئامالىڭ يوق، ئۆزۈڭنى مەيلى ئوتقا ۋە ياكى سۇغا ئۇرغىنىڭ بىلەن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن.

ئېسىلزادە دېدىكى:

— بەخت - سائادەتنىڭ ئاساسى گۈزەللىك ۋە ئېسىل نەسەبتىدۇر.

سودىگەرزادە دېدىكى:

— ياخشى ئويلاپ، توغرا تەدبىر قوللىنىش سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر، بەختسىزلىك يۈز بەرگەندە ئىنسانغا ئەقلىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ياردەم بېرەلمەيدۇ.

دېھقانزادە دېدىكى:

— ھەر قانداق نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ۋە تىرىشىش زۆرۈردۇر، مېھنەت قىلىش ۋە زەخمەت چېكىش ئىنساننى ئارزۇيىغا يەتكۈزىدۇ، ئۇلارغا شاد - خۇراملىق ۋە سۆيۈنۈش لىباسىنى كەيدۈرىدۇ، بىرەر ئىشقا قەتئىيلىك بىلەن بېلىنى باغلىغانلار ئاخىر بىر كۈنى مەقسىتىگە يېتىدۇ، مۇبادا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى ھېچكىم مەسخىرە قىلمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، بۇ تۆت نەپەر دوست ئۇزاق يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى ۋە بىر خىلۋەتخانىنى ماكان تۇتۇپ ئىستىقامەتكە ئولتۇردى. بىرىنچى كۈنى ئۇلار دېھقانزادىگە دېدى:

— يېنىمىزدا بىرەر يارماقمۇ قالمىدى، ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھەممىمىز ھالىمىزدىن كەتتۇق، بارلىق ئۈمىدىمىز سېنىڭ ھەرىكەتلىنىشىڭ ۋە تىرىشچانلىقىڭغا باغلىق بولۇپ قالدى. بارغىن دوستۇم، بۈگۈنگە يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك تېپىپ كەل، بىزمۇ دېمىمىزنى ئېلىۋېلىپ، ئەتە نۆۋەت بىلەن يېمەكلىك تېپىپ كېلەرمىز.

دېھقانزادە شەھەرگە كىردى ۋە شەھەرلىكلەردىن نېمە ئىش قىلسا پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ شەھەردە ئوتۇن سېتىپ دەماللىققا بۈگۈننىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك ئوزۇقلۇق سېتىۋالغۇدەك پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال تاغقا چىقىپ ئوتۇن كەستى، ئاندىن شەھەرگە ئەكېلىپ ساتتى، پۇلىغا يېمەكلىك سېتىۋېلىپ بۇرادەرلىرىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن يول ئالدى. ئۇ شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قەدىمىنى توختاتتى ۋە دەرۋازىغا «بىر كۈنلۈك مېھنەت تۆت ئادەمنىڭ غىزاسىغا باراۋەردۇر» دەپ يېزىپ قويدى.

ئەتىسى نۆۋەت ئېسىلزادىگە كەلدى، دوستلىرى ئۇنىڭغا دېدى:

— ئەزىز بۇرادەر، قېنى بارغىن، بۈگۈن سەن گۈزەللىكىڭ بىلەن يېگۈدەك بىرەر نەرسە تېپىپ كەل، بىز ئارام ئالغاچ تۇرايلى.

ئېسىلزادە تۇرالغۇدىن چىقىپ بازار تەرەپكە كېتىۋېتىپ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلىدى «قولۇمدىن ھېچقانداق ئىش كەلمىسە، دوستلىرىمنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول قايتىپ بېرىشتىن ئۇيلىمەن، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن؟ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈم چۈشىدىغان بولدى، قانداق قىلسام بولار؟» ئۇ شۇ خىياللار بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ شەھەرگە كىردى ۋە غەمكىن ھالدا يول بويىدىكى دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرۇپ خى-

يالغا غەرق بولدى. دەل شۇ ۋاقىتتا بىر دۆلەتمەن تۇل خوتۇن مەپە بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋتىپ، يىگىتنىڭ گۈزەل جامالىغا كۆزى چۈشۈشى بىلەنلا ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالدى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ چۆرىسىنى ئەۋەتىپ يىگىتنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، ئېسىلزادىمۇ خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بەجانىدىللىق بىلەن چۆرىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئېسىلزادە پۈتۈن كۈننى ئۇنىڭ خانىدانىدا ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى، كەچقۇرۇن ئايال ئۇنىڭغا بەش يۈز دىنار بېرىپ، شېرىن يېمەكلىكلەرنى زەللە قىلىپ بەردى. ئېسىلزادە دوستلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىۋېتىپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆتكەندە دەرۋازىغا «گۈزەللىكنىڭ بىر كۈنلۈك باھاسى بەشيۈز دىناردۇر» دەپ يېزىپ قويدى.

ئەتىسى سەھەردە نۆۋەت سودىگەرزادىگە كەلگەندى، دوستلىرى ئۇنىڭغا دېدى:

— بۈگۈننى بىز سېنىڭ ئەقلىڭ بىلەن كەلتۈرىدىغان نەسىبە بىلەن ئۆتكۈزمەكچىمىز، ساڭا ئامەتلەر تىلەيمىز.

سودىگەرزادە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، شەھەرگە قاراپ يول ئالدى ۋە شەھەرگە يېتىپ بارماي تۇرۇپلا دەريا بويىدىكى كاتتا كېمىگە كۆزى چۈشۈپ يېنىغا باردى. مەلۇم بولدىكى، نۇرغۇن كىشىلەر مال ئىگىلىرىنىڭ مال باھاسىنى چۈشۈرۈشىنى كۈتۈپ نەرسە كېرەك سېتىۋالماي تۇرۇشقانىدى. سودىگەرزادە يوشۇرۇنچە كېمىگە چىقىپ يېقىملىقلىقى، سەمىمىيلىكى، سۆزمەنلىكى بىلەن مال ئىگىلىرىنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى نېسىغا سېتىۋالدى ۋە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ماللارنى ئاۋام پۇقراغا ئانچە يوقىرى بولمىغان باھادا سېتىپ، ئاردىن يۈز مىڭ دىنار پايدا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بۇرادەرلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىۋېتىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا «ئەقىلنىڭ بىر كۈنلۈك باھاسى يۈزمىڭ دىناردۇر» دەپ يېزىپ قويدى.

تۆتىنچى كۈنى نۆۋەت شاھزادىگە كەلگەندى، دوستلىرى ئۇنىڭغا دېدى:

— بارغىن شاھزادە، ئەگەر تەلىيىمىز بولسا بۈگۈنكى خىراجىتىمىزنى سەن قىلىپ كېلەرسەن.

شاھزادە تەقدىرگە تەۋەككۈل قىلىپ، شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. شۇ كۈنى پادىشاھ قازا قىلغان بولۇپ، ئاۋام خەلق ماتەم ئىچىدە ئىدى. شاھزادە ئەتراپنى كۆزىتىپ ئاستا مېڭىپ، ساراي دەرۋازىسى يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، دەرۋازىۋەن ئۇنى كۆرۈپ پادىشاھ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ تەزىيەگە ئىشتىراك قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بىرئاز كايىدى. چۈنكى، بارلىق ساراي ئەھلى دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەتكەن بولۇپ، شاھسارايدا باشقا ئادەم قالمىغانىدى. شاھزادە خېلى ئۇزاقىچە ئولتۇرغان جايىدىن قوزغالمىدى، بۇ ھالدىن شۈبھىلەنگەن دەرۋازىۋەن ئۇنى «جاسۇس بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىپ سارايدىكى بىر بوش ئۆيگە سولاپ قويدى.

ۋاپات قىلغان پادىشاھنىڭ پەرزەنتى ياكى تەخت ۋارىسى يوق ئىدى. ئەتىسى ساراي ئەھلى كىمنى پادىشاھ قىلىپ سايلاش توغرىسىدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دەتالاش قىلدى، بۇ ۋاقىتتا دەرۋازىۋەن ئۇلارغا ئېيتتى:

— ئەزىزلەر، بوشراق ئاۋازدا سۆزلىشىڭلار، تۇنۇگۇن بىر جاسۇسنى تۇتۇۋالغانمەن، ئەگەر ئۇ سىزلەرنىڭ ئارىڭىزلاردىكى ئىختىلاپنى ئاڭلاپ قالسا بىز ئۈچۈن پايدىسىزدۇر.

يۇرت كاتتىلىرى بۇ مەسىلىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، جاسۇسنىڭ كىملىكىنى، نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېنىقلىماقچى بولۇشۇپ، شاھزادىنى ئالدىلىرىغا ھازىر قىلىشتى ۋە ئۇنىڭ كىملىكى، قەيەردىن كەلگەنلىكى، نېمە مەقسەت بىلەن ئوردىغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا سوئال - سوراق قىلىشتى. شاھزادە مۇنداق جاۋاب بەردى:

— شاھ ئاتام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاكام تاجۇ تەختكە ئىگە بولدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي سەلتەنەتنى

زاۋاللىققا يۈزلەندۈردى، مەن ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ۋەتىنىمنى تەرك ئېتىپ، مۇساپىرلىق تونىنى يېپىنىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ سىلەرنىڭ مەملىكىتىڭلارغا كېلىپ قالدىم.

ئوردىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە بۇ شاھزادىنىڭ مەملىكىتىگە بارغان ۋە شاھسارايدا شاھزادىنىڭ دادىسى تەرىپىدىن قىزغىن كۈتۈۋېلىنغانلار، شاھزادىنى بالا ۋاقىتلىرىدا كۆرگەنلەر بار ئىدى. ئۇلار شاھزادىنىڭ دادىسى، ئەجدادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شانۇ شەۋكەتلىرى توغرۇلۇق ئوردا ئەھلىگە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭسىزمۇ، ئوردا ئەھلى شاھزادىنى سوراق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ بەردەملىكى، ھازىر جاۋابلىقى، سۆزلىرىنىڭ سەممىي ۋە مەنىگە تويۇنغانلىقى، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيارلىقىدىن سۆيۈنگەن ۋە قايىل بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممە بىردەك شاھزادىنى شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشنى لايىق كۆردى. ئۇنىڭدىن سىرت، كۆپچىلىك شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، شاھزادە خان ئەۋلادى ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ بۇ يەردىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى، ياخشى ئىش - پائالىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ يۇرتنى ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلىپ كېتەلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئوردا ئەھلى شاھزادىنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇرۇپ، ئۇنى شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى، ئاۋام پۇقرا ئۇنىڭ نامىنى زىكىر قىلىپ تۇرۇپ چاچقۇلار چاچتى، پادشاھلىق مۆھرى شاھزادىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. بۇ ئەلنىڭ شۇنداق بىر ئادىتى بار ئىدىكى، يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغان پادىشاھنى بىرىنچى كۈنى ئاق پىلغا مىندۇرۇپ پۈتۈن شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ چىقاتتى. ئۇدۇمغا ئاساسەن، ئوردا ئەھلى شاھزادىنى ئاق پىلغا مىندۇرۇپ شەھەرنى ئايلاندۇردى، ئۇ شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇرادەرلىرىنىڭ دەرۋازىغا يېزىپ قالدۇرغان سۆزلىرىنى ئوقۇدى ۋە ئاستىغا «ھەرىكەت ۋە تىرىشچانلىق، مېھنەت، گۈزەللىك، ئەقىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئامەت كەلگەندىلا سەمەرىلىك بولىدۇ. مېنىڭ بىر كۆنلۈك تەلىيىم بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ» دەپ يازدۇرۇپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شاھزادە ئوردىغا قايتىپ كېلىپ تەختتە ئولتۇردى ۋە دوستلىرىنى چاقىرتىپ ئەكەلدۈردى. ئەقىل ئىگىسى بولغان دوستى سودىگەرزادىنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى، ھەممە ئىش - ھەرىكەت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ دېگەن دوستى دېھقانزادىنى مەملىكەتنىڭ بارلىق خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلىدى، چىرايىغا ئىشەنگەن دوستى ئېسىلزادىگە يېتەرلىك مال - دۇنيا ھەدىيە قىلىپ بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتىشنى تەۋسىيە قىلىپ شۇنداق دېدى:

— كەچۈرگىن ئەزىز بۇرادەر، شۇنداق قىلمىساق بەزى ئاياللار ساڭا مەپتۇن بولۇپ، شەھىرىمىزدە بۇزۇقچىلىق ۋە پىتنە - پاسات يامراپ كېتىدۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، تۈپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش ئىشخانىسىدا)

راھىلە مەمتىمىن

# ساتىرىك داستان «چاغمۇزا يۇسۇپخان» ھەققىدە بايانلار

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ساتىرا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ژانىر. بۇ ژانىر كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، روھىيىتىمىزنى بۇلغاپ، ئادىمىيلىك ئوبرازىمىزنى خىرەلەشتۈرۈۋاتقان ھەر خىل مەنىۋى بۇزۇلۇش ھادىسىلىرىنى ئاچچىق، نەپرەتلىك كۈلكىنىڭ شىددەتلىك ساتىرىك دولقۇنىدا تاۋلاپ، كىشىلەرنى غەزەپلىك يىرگىنچ تۇيغۇسىغا ئەسىر قىلىدىغان ئۆزگىچە بىر خىل خۇنۇك سەلبىي تۇستە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ①. ساتىرا مىللەتنىڭ ئاڭ ۋە مەدەنىيەت ساقلانغان ناتوغرا قاراشلارنى تەنقىد قىلىپ، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئاڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ساتىرا ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق تەنقىدىي رولى بىلەن جەمئىيەتتىكى ساختا، خۇنۇك، يىرگىنچلىك تەرەپلەرگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ. خۇددى غەيرەتجان ئوسمان ئېيتقاندەك، ساتىرا خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ، ساپلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى تەربىيەلەپ، جەمئىيەتتە يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق كىشىلەردە يىرگىنچلىك، ناچار قىلمىشلاردىن نەپرەتلىنىدىغان، رەزىللىك بىلەن كۈرەش قىلىدىغان، يۈكسەك غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىرادە تىكلەيدۇ. شۇڭا، يازغۇچى، شائىرلار ئىجادىيىتىدە تەبئىيلا بۇ ژانىرغا تايىنىدۇ. 19 ـ ئەسىردە ياشاپ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك ئاجايىپ شېئىرلىرى بىلەن ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە زۇلۇمغا قارشى مەردانىلىك بىلەن كۈرەش قىلغان ئاتاقلىق شائىر ۋە ئەركىن پىكىرلىك مۇتەپەككۇر موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ نازىمىنىڭ ساتىرىك داستانى «چاغمۇزا يۇسۇپخان» دەل ئاشۇ پىكىرلىرىمىزنىڭ دەلىلى.

«چاغمۇزا يۇسۇپخان» داستانى 19 ـ ئەسىردە شىنجاڭ خەلقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە غوجىلارنىڭ قاتمۇقات زۇلمىغا ئۇچراۋاتقان ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا يېزىلغان. ساتىرادىن ئىبارەت بۇ ژانىر شۇ دەۋر شارائىتىنى ئېچىپ بېرىش ۋە مەزكۇر ئەسەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشتا ئالاھىدە رول ئوينىغان. «چاغمۇزا يۇسۇپخان» داستانىمۇ موللا بىلالنىڭ باشقا ئەسەرلىرىگە ئوخشاش 19 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ غۇلجا رايونىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ جانلىق يازما ئىنكاسى بولۇپ، «داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تېما كۈچلۈك دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، داستان مەزمۇن جەھەتتىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.»② تۆۋەندە ئەينى دەۋر تارىخىغا نىسبەتەن

① مۇھەممەت پولات: «شائىر مۇھەممەت ئىمىننىڭ ساتىرىك شېئىرىيىتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى»، «تارىم» ژۇرنىلى، 2011 ـ يىللىق 3 ـ سان 121 ـ بەت.

② شېرىپىدىن ئۆمەر: «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1707 ـ بەت.

روشەن تەنقىدىي رول ئوينىغان ۋە ئەدەبىياتىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان بۇ ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمىز.

«كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۆپ خىل ژانىر ۋە رەڭگارەڭ شەكىلگە ئىگە بولۇشى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخى دەۋرىدە ياشاپ، ئۆزگىچە ئىستىبدات، پاساھەت ۋە بالاغەتكە تويۇنغان خىلمۇخىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى بىلەن مەيدانغا چىقىپ پائالىيەت قىلغان ئىجتىھات ئىگىلىرىنىڭ سەمەرىلىك ئەمگىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك»[1] ئەلۋەتتە، ساتىرىك داستان «چاكموزا يۈسۈپخان»نىڭ ئاپتورىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. «چاكموزا يۈسۈپخان» داستانىنىڭ مۇئەللىپى موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ نازىمىي «19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزم ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئۇ ئىنسانىي تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتقا باي لىرىكىلىرى، ئەينى زامان رېئاللىقىدىكى ۋەقەلەر ئاساس قىلىنغان داستانلىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا پەخىرلىك ئورۇن ئىگىلەيدىغان شائىر»[2]. شائىر موللا بىلال 1825 ـ يىلى بىر كەمبەغەل موزدۇز ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى غۇلجىدا ئۆتكۈزگەن (رايونىمىزدا شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدىكى مەلۇماتنى تۇنجى بولۇپ نىمشېھىت 1962 ـ يىلى يازغان موللا بىلال ھەققىدىكى ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان[3]. تەتقىقاتچى ئابدۇرېشىت ھېلىمھاجىمۇ «موللا بىلالغا دائىر ئېنىقسىزلىقلار توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بۇخىل قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. موللا بىلالنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى بىرىنچى بولۇپ تەتقىق قىلغان، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى قارىمىقىدىكى «ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى»نىڭ ئىلمىي خادىمى ساۋۇت موللائادوف «ۋەتەن ئىشقىدا» ناملىق توپلىمىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا ئېنىق ھالدا شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى 1825 ـ يىلى دەپ ئالغان. شۇنداقتىمۇ موللا بىلالنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلاردا ئوخشىمايدىغان قاراشلار مەۋجۇت.) گەرچە موللا بىلالنىڭ ئائىلە شارائىتى ناچار بولسىمۇ، ئاتىسى ئىلىمگە ھېرىسمەن كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەربىيەلىنىشىگە ئەھمىيەت بەرگەن. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ دەسلەپكى تەربىيەنى ئاتىسىدىن ئالغان. كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسەسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ جاپالىق ئۆگىنىش جەريانىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى پۇختا ئۆگەنگەندىن سىرت، «بىر تەرەپتىن ئىسلام كالامىزمىلىرىنى، تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرەب، پارس تىل ـ ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقان ھەمدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن»[4]. ئۇنىڭ نازىمىي تەخەللۇسىدا يازغان شېئىرلىرى كەڭ تارقىلىپ، ئاۋام ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شائىرنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئاساسەن نامراتلىقتا ئۆتكەن، ئۇنىڭ خەلققە يېقىندىن ھەمنەپەس بولۇشىغا، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتكۈزۈشكە ئاساس ۋە تۈرتكە بولغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن خەلقنىڭ ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ئىدىيەلىرىدىن بۇنى ھېس قىلىش تامامەن مۇمكىن.

گەرچە شائىرنىڭ ھاياتىدا خېلى كۆپ ئەسەر يازغانلىقىدەك ئۇچۇرلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىزگە

---

① مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق: «مەشھۇر ساتىرىك شائىر ئەھمەد شاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىللىق 5 ـ سان، 80 ـ بەت.

② ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 254 ـ بەت.

③ نىمشېھىت: «شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ»، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1962 ـ يىللىق 6 ـ سان.

④ غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1091 ـ بەت.

يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن «غەزەلىيات»، «غازات دەر مۈلكى چىن»، «چاھمىزا يۇسۇپخان»دىن ئىبارەت
ئۈچ داستانى ۋە «نۇزۇگۇم» قىسسىسى قاتارلىقلار بار. «غەزەلىيات، موللا بىلالنىڭ ياشلىق دەۋرىدە ئىجاد
قىلغان غەزەللىرى ۋە بىر قىسىم مۇخەممەس، مۇسەددەسلىرىدىن تەركىب تاپقان شېئىرلار توپلىمى»①.
توپلامدا شائىر كلاسسىكلىرىمىزدا ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى «يار» ئوبرازىدىن ھال-
قىپ چىقىپ ئىنسانلاردىكى پاك ئىنسانىي مۇھەببەتنى مەدھىيەلىگەن. «غازات دەر مۈلكى چىن» شائىر
ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشقان، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە ئېلىپ بې-
رىلغان، ئىلى دېھقانلىرىنىڭ چىرىك چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بارغان
قوزغىلاڭلىرى تەسۋىرلەنگەن داستان. داستاندا قوزغىلاڭ باشلانغاندىن تارتىپ، بايانداي قەلئەسىنى ئې-
لىش جەريانىدىكى ۋەقەلەر، قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشى قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تارىخى تەپ-
سىلىي بايان قىلىنغان. بۇ داستان ئەينى دەۋردىكى ئىلى تارىخى ۋە شارائىتىدىن خەۋەر بېرىدىغان ئەڭ
ياخشى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. «نۇزۇگۇم» قىسسىسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غوجىلارنىڭ قولىدىن
شىنجاڭنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، خەلق بىردەك ئىسيانكار دەپ قارىلىپ جازالانغان ۋە غۇلجىغا يالاپ
ئېلىپ مېڭىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئايال قەھرىمان نۇزۇگۇمنىڭ جەسۇرانە باتۇرلۇقى تەسۋىرلەنگەن
ئەسەر. «نۇزۇگۇم» داستانى شائىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى روشەن يورۇتۇپ
بېرىدۇ ھەمدە «ئاياللارنىڭمۇ نۆۋىتى كەلگەندە ھەرقانداق ئىشتا ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان كۈچ - قۇد-
رەت، ئەقىل - پاراسەت، ئىقتىدار ۋە شىجائەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا
خەلق ئازادلىقى، ئەركىنلىكىنى ئۆز ھاياتىدىن ئۈستۈن قويىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك جەڭچىسى، ئۇيغۇر قى-
زى نۇزۇگۇم ئوبرازىنى تۇنجى بولۇپ مەيدانغا چىقىرىدۇ»②. شائىر يەنە ئاياللارنى تۆۋەن كۆرىدىغان فېئو-
دال ئىدىيەدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، نۇزۇگۇمدەك ئاياللارنىڭ مەردانىلىكىگە مەدھىيە ئوقۇغان.

«چاھمىزا يۇسۇپخان» داستانى ھەققىدە توختالغاندا، ساۋۇت موللائاۋدوفنىڭ «ۋەتەن ئىشقىدا» ناملىق
توپلىمىدا بۇ داستان «موللا بىلال رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچۈپ چىقىش ھارپىسىدا، يەنى 1881 - يىلىنىڭ
ئاخىرى 1882 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ‹چاھمىزا يۇسۇپخان› داستانى ۋە ‹نۇزۇگۇم› قىسسىسىنى يازغان»③.
دېيىلگەن. لېكىن، قايسى يىلى قايسىسىنى يازغانلىقى ئۈستىدە ئېنىق توختالمىغان. مەتبۇئاتلاردا ئېلان
قىلىنغان مەزكۇر داستانغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئالاقىدار
ماتېرىياللارغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا نىسبەتەن ئوخشىمايدىغان قاراشلار
مەۋجۇتلۇقىنى بايقايمىز. بەزىلەر 1881 - يىلى دەپ قارىسا، بەزىلەر 1882 - يىلى دېگەن قاراشنى ئوتتۇ-
رىغا قويغان، يەنە بەزىلەر 1881 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1882 - يىلىنىڭ بېشىدا يېزىلغان دەپ ئالغان. ئەم-
ما، ئۆزىنىڭ نېمىگە ئاساسەن مۇشۇنداق ئالغانلىقىنى ئەسكەرتمىگەن. تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت
داستاننىڭ ئەسلىي تېكىستىنىڭ ئاخىردىكى مىسرالىرىدا ئاپتور تەرىپىدىن بېرىلگەن ئۇچۇرلارنى ئىنى-
چىكە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى 1881 - يىلى④ دەپ قارىغان. لېكىن، ئۇ
ئەسەردىكى ۋەقەلىكنى 44 يىل بۇرۇن كەتمەن يېزىسىدا يۈز بەرگەنلىكىنى ئەسكەرتىش بىلەن بىللە ئە-
سەردىكى ۋەقەلىك 1842 - يىلى ئىلى رايونىغا تەۋە بولغان، كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاررۇ-

---

① ئىمىنجان ئەھمىدى ئۈتۈق، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»(3)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى، 106 - بەت.

② گۈلشەن بەسىر: «موللا بىلالنىڭ داستانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋىلىكى، بەدىئىيلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇر-نىلى، 2000 - يىللىق 3 - سان، 116 -بەت.

③ ساۋۇت موللائاۋدوف: «ۋەتەن ئىشقىدا»، ئالمۇتا «مەكتەپ» نەشرىياتى، 1987 - يىلى، 17 - بەت.

④ ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2)، 2 - قىسىم، 1984 - يىلى، 499 - بەت.

سىيە جاھانگىرلىرى بىلەن تۈزگەن تەڭسىز شەرتنامىدە چارروسىيە جاھانگىرلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يارکەنتتە يۈز بەرگەن رىئال ۋەقەنى خاتىرىلىگەن، دېگەن. بۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ قارىشىدىمۇ خاتالىق يۈز بېرىپ، قارىشى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ساۋۇت موللا ئادوفنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى بويىچە 1881 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1882 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شائىر روسىيە چېگراسى-
غا چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن يېزىلغان، دېيىشنىڭ ئاساسى بىرقەدەر كۈچلۈك دەپ قارايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسەردىن شائىرنىڭ ۋەقەلىك يۈز بەرگەندە تېخى كىچىكلىكى ۋە شۇ ۋاقىتلاردا بۇ ۋەقەلىكنى قە-
لەمگە ئالغىنىنى:

بىلال بۇ زاماندا ئەردىلەر كىچىك،
كىچىكلىكىدە ھەم ئەيلەر ئەردى فىتىك.

دېگەن مىسرالىرىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

«چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانى نەسر ۋە نەزم ئۆزئارا ئارىلاش شەكىلدە يېزىلغان. نەزمىي ۋە نەسرىي ئارىلاش بايان ئۇسلۇبى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئەنئەنىۋى بايان ئۇسلۇ-
بىدۇر. شائىر بۇ داستاندا كىلاسسىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇرۇپ، داستاننى بايان، قۇرۇلما جەھەتتىن تېخىمۇ ئاممىباپلىققا ئىگە قىلغان، شۇنداقلا ھەجىم جەھەتتىن خېلى مۇكەممەل ھالەتكە كەلتۈرگەن.

ئەدەبىياتىمىزدا داستاننىڭ ئىككى خىل نەشر نۇسخىسى بولۇپ، بىرسى 1958 ـ يىلى «شىنجاڭ ئە-
دەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى[1]، يەنە بىرسى 1981 ـ يىلى «بۇلاق» ژۇرنى-
لىدا ئۆمەر ئوسمان ئەپەندى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان نۇسخىسىدىن[2] ئىبارەت (تۆۋەندە بۇ ئىككى نۇسخا يىل تەرتىپىنىڭ ئالدى ـ كېيىنلىكىگە ئاساسەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1 ـ نۇسخا ۋە 2 ـ نۇسخا دەپ ئېلىنىدۇ). بۇ ئىككى نۇسخىنى مىسرامۇمىسرا سېلىشتۇرغاندا ئاساسەن ھېچقانداق پەرق يوق. ھەر ئىككىسىنىڭ نەزم قىسمى 280 مىسرادىن تەركىب تاپقان. نەزم قىسمىمۇ ھەجىم ۋە مەنە جەھەتتىن، ھەتتا سۆزمۇسۆز ئوخشاش. ئەگەر ئوخشىماسلىق بار دېيىلسە، «شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئىتى»دىكى نۇس-
خىسىدا بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «ي» تاۋۇشى «ژ» تاۋۇشى قىلىپ ئېلىنغان. مەسىلەن، 1 ـ، 2 ـ نۇسخىدا ئالدى ـ كەينى تەرتىپ بويىچە «ژىلى ـ يىلى، ژىڭنە ـ يىڭنە، ژۇتارمەن ـ يۇتارمەن، ژىغلىدى ـ يىغلىدى، ژۈرىگى ـ يۈرىگى، ژۈگۈرتۈپ ـ يۈگۈرتۈپ، ژۈرگەن ـ يۈرگەن، ژىغلار ـ يىغلار، ژۈرۈپ ـ يۈرۈپ» قاتارلىق سۆزلەر، بەزى نۇقتىلاردا ھەر ئىككى نۇسخىدا ئوخشاشلا «ژ» تاۋۇشى بويىچە ئېلىنغان. مەسىلەن: «ژىغلىسۇنكى، ژۈرۈگىگە» قاتارلىقلار ھەر ئىككىسىدە ئوخشاش ئېلىنغان. سۆزلەردىكى تاۋۇش ئوخشىماسلىق، يەنى 1 ـ، 2 ـ نۇسخىدا ئالدى ـ كەينى تەرتىپ بىلەن «غوسمان ـ ھوسمان، ئېلىندىلەر ـ قىلىندىلەر» قاتارلىقلار. بۇ ئىككى نۇسخىنى ساۋۇت موللا ئادوف نەشرگە تەييارلىغان قولۇمدىكى 3 ـ نۇس-
خىغا سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە، بىرقەدەر تولۇقراق بولغىنى يەنىلا ساۋۇت موللا ئادوفنىڭ «ۋەتەن ئىشقى-
دا» ناملىق توپلىمىدىكىسى دەپ قارىدۇق. بۇ نۇسخىنىڭ نەزم قىسمى 322 مىسرادىن تەركىب تاپقان. تەتقىقا-
تىمىزدىمۇ دەل مۇشۇ نۇسخا ئاساس قىلىندى. مەزكۇر نۇسخا نوقۇل ھەجىم جەھەتتىن كۆپ بولغانلىقى ئۈ-

① موللا بىلال: «چاڭموزا يۈسۈپخان»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1958 ـ يىللىق 1 ـ سان، 68 ـ بەتتىن 79 ـ بەتكىچە.

②موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ (ئۆمەر ئوسمان نەشرگە تەييارلىغان): «چاڭموزا يۈسۈپخان»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981 ـ يىللىق 2 ـ سان، 263 ـ بەتتىن 279 ـ بەتكىچە.

چۈنلا ئەمەس، بەلكى مەزكۇر نۇسخىدا ئەسەرنىڭ ئاخىردىكى نەزمىمۇ تولۇق بېرىلگەنلىكىدە. ئۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر نۇسخا ن. پانتوسوفنىڭ نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسىدىن پايدىلانغان. ساۋۇت موللائادوف مەزكۇر توپلىمىدا شائىر موللا بىلالنىڭ رۇسىيە تەۋەسىگە چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئەسەرنى ئۆز قولى بىلەن نۇسخىلاپ كۆپەيتكەنلىكى ۋە تارقىتىشقا ئامال بولماي، ن. پانتوسوۋغا سوۋغا قىلغانلىقىدەك ئېنىقسىز مەلۇمات ئوتتۇرىغا قويۇلغان[①]. بۇ مەلۇماتمۇ تەتقىقاتتا مۇشۇ نۇسخىنى تاللاپ قېلىشىمىزنىڭ تۈرتكىسى بولۇپ قالدى.

ئەمدى «چاگموزا يۇسۇپخان» داستانىنىڭ ۋەقەلىكىگە كەلسەك، داستاندا ئات يىلىنىڭ سەپەر ئېيىدا كەتمەن يېزىسىغا ئۆزىنى «خوجا» دەپ ئاتىۋالغان «يۇسۇپخان» ئىسىملىك بىر ئادەم كېلىدۇ. 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان 200 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭغا ھەرخىل قىياپەت ۋە ناملار بىلەن سىرتتىن ناھايىتى كۆپ خوجىلار كېلىدۇ[②]. تارىختا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، بۇ خوجىلار خەلقنىڭ قالاقلىق، نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي تون بىلەن ئۆزىنى ئوراپ، ئۆزىنىڭ ھەرخىل سىياسىي ۋە پۇل ـ مال توپلاش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئىككى ئەسىردەك مۇشۇ خىل شارائىتتا ياشىغان، خوجىلارنىڭ جاھالىتى دەستىدىن نادانلىقتا قالغان خەلقنىڭ ئىدىيەسىگە خوجىلارغا چوقۇنۇش، بار ئاماللار بىلەن ئۇلارنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىش ئىستىكى سىڭىپ كەتتى. شۇ ۋەجىدىن كەتمەزدىكى خەلقمۇ قوقەندتىن كەتمەنگە كەلگەن بۇ خوجىغا ئالاھىدە ئىخلاسمەنلىك بىلدۈردى:

> يىلى ئەردى ئات، ئايىغا ئەردى سەفەر،
> «خاجەم كەلدى» دەپ، خەلققە بولدى خەبەر.
> كېلىپدۇر خاجە كەنتى كەتمەن ئارا،
> «خاجەم كەلدى» دەپ خەلق قىلىپ ماجەرا.
> تەمام خەلق كېلىشىپ، تاۋاپ ئەيلەشىپ،
> بېرىپ نەزرى بىسيار ساۋاب ئەيلەشىپ.

داستاننىڭ بېشىدىلا بېرىلگەن بۇ مىسرالاردىن خەلقنىڭ خوجىلارغا بولغان قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئىدىيەسىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس. ئەزەلدىن خوجىلارنىڭ قويىنىدا ياشاپ، سايىداپ كۈنۈپ قالغان روزا مەزىنگە ئوخشاش كىشىلەر، يۇسۇپخان چاگموزىنى ئۆزىگە يانتاياق قىلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا زىيادە ئىخلاس بىلدۈرىدۇ. قاسىم شەيخ، دەرۋا قۇلى، باقى شەيخ قاتارلىق يۇسۇپخاننىڭ سادىق قۇللىرى ۋە يۈز بېشى، مىراب قاتارلىقلارمۇ ھەرخىل مەقسەتلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆممىچىگە چوغ تارتىش مەقسىتىدە چاگموزىنى خەلققە ماختاپ، ئۇچۇرۇپ، كۆككە كۆتۈرىدۇ. خوجىلارنى قارىغۇلارچە ئۇلۇغ بىلىش ئىدىيەسىنىڭ ئىسكەنجىسىدە مەھكەم زەنجىرلەنگەن خەلق بۇ چاگموزىنى تېخىمۇ ئەزىزلەيدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىزلىرىنى ھەدىيە قىلىشىدۇ:

> ئاچانوقۇ خەلقى «خاجەم كەلدى» دەپ،
> كى شۇڭقار ئېلىگە دۇئا بەردى دەپ.
> كى داردامتۇ، غالجات، دولەتۇ ئېلى،

① ساۋۇت موللائادوف: «ۋەتەن ئىشقىدا»، ئالمۇتا «مەكتەپ» نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 17 ـ بەت.

② ئابدۇرېشىت ھېلىمھاجى: ««چاگموزا يۇسۇپخان، داستانىغا يوشۇرۇنغان تارىخ»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان، 45 ـ بەت.

خونۇخاي، ئىككى بۇغرا خەلق فېلى.<br>
خوتۇن - قىزلىرىنى قىلىشىپ نىياز،<br>
بۇ چاڭ موزا بىرلە دېيىشىپكى راز.

قاسىم شەيخ، دەرۋا قۇلى، باقى شەيخ قاتارلىق يۇسۇپخاننىڭ سادىق قۇللىرى ۋە يۈز بېشى، مىراب قاتارلىقلار خوجىنى تېخىمۇ ماختاپ ئۇنى ھەتتا ئىلى شەھىرىگىچە تونۇتىدۇ. چاڭموزا خەلقنىڭ كۆزىنى تېخىمۇ بوياپ، ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە ھەتتا يۈزىگە نىقاب تارتىپ، ئايرىم ئۆي راسلىتىپ، قىزىل پەردىلەرنى تاقاپ، ئۆزىگە مەخسۇس «ئىبادەتخانا» تەييارلاتقۇزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ خەلققە ھەقىقەتەن مۆتىۋەر ئەۋلىيا ئوبرازىنى بېرىدۇ. جاھالەتكە پاتقان خەلق بۇ مەككار تۈلكىنىڭ ئالدامچىلىقىنى سەزمەي، ئۇنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناپ، خوجىغا تېخىمۇ بەك ئىخلاسمەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خەلق ئۆزىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى، ھەتتا بارلىق تەئەللۇقاتلىرىنى بۇ ئالدامچى خوجىغا تەسەددۇق قىلىدۇ:

«خاجەم ۋە خاجەم» دەپ تەمام خاسۇئام،<br>
كى ئاھۇفىغانلار قىلىشىپ تەمام.<br>
ھەمە مالۇ ئەمۋالىنى قىلدى فىدا،<br>
دېيىشىپ: «بولۇر بىزگە دەپ رەھنامە.»<br>
قىلىپ خىزمەتىن بارچە ئارمان بىلەن،<br>
قاي ئىشىنى بۇيرۇر، قىلۇر جان بىلەن.<br>
بولۇپ خىزمەتىدە تەمامى كىشى،<br>
بۇنىڭ خىزمەتىن قىلماق ئولدى ئىشى.

ئىلى شەھىرىدە مۇھەممەت گاداي دېگەن بىر ياخشى زاتتىن بولغان ئابدۇشېرىپ ئاخۇن دەيدىغان ھوشيار، ئەقىللىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇ كىشى ۋاقتىنى بوش ئۆتكۈزمەي ئىلىم ئۆگىنىدىغان، ئايەت - سۈرىلەرنىڭ مەزمۇنلىرى ھەققىدە ئىزدىنىدىغان زات ئىدى. بەزىدە سودا - سېتىق قىلاتتى. ئۇ كىشى سودا - سېتىق ئۈچۈن چىققان بىر سەپىرىدە يۇسۇپخان چاڭموزىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن يېنىغا ماڭغان ئىككى كىشى بىلەن سەپەرداش بولىدۇ. شېرىپ باي چاڭموزىنىڭ نام - شەرىپىنى ئاڭلاپ، ئىككى سەپەرداشنىڭ نادانلىقىغا ئېچىنىپ قىلغان چاقچىقى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنى باشقىلارنىڭ قەستلەش ئوبيېكتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ۋە ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدۇ. چاڭموزا ئەسلى يۇرتىدىكى شېرىپ باي ئىسىملىك كىشىدىن نۇرغۇن قەرز ئالغان ۋە پۇلنى قايتۇرماي قېچىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇ شېرىپ باي دېگەن بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ ناھايىتى چۆچۈيدۇ ۋە قېچىپ كەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ كەتمەندىكى ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىدىن، بولۇپمۇ مال - دۇنياسىدىن كېچەلمەي، ئاخىر بىر شۇملۇق ئويلاپ چىقىدۇ:

يۈرەكى ئاغىپ، بولماق بولدى گۇرىز،<br>
چارەكى شەرىف باي دېگەندىن بۇ مەرەز،<br>
ئالىپ قاچقان ئەردى بۇ چاڭموزا قەرز.<br>
شەرىف بايدىن ئالمىش تۈمەن تەڭگە پۇل،<br>
شەرىف باي كېلىپدۇر دەپ بولدى مەلۇل.<br>
مېنى تۇتقىلى كەلدى دەپ خەۋف ئېتىپ،

بۇ چاڭموزا بېشى قالدى قېتىپ،
دېدى ئاھ ئۇرۇپ: «ئۇل مېنىڭ دۈشمەنىم،
ئانى قەتل قىلغان كىشىدۇر جانىم.
ئانى ئۆلتۈرۈر بولسا، ئۇ باشىمىز،
دۇ ئالەمدە بولغاي قېرىنداشىمىز.»

شۇنىڭ بىلەن بۇ خوجامىنىڭ قوينىدا مەنپەئەتلىنىدىغان باقى شەيخ، دۆلەت نازار شەيخ، مەمەك قاتار-لىق غالچىلىرى بۇ شۇم پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇلار شېرىپ باينى تاپىدۇ ۋە ئۇنى ئال-داپ، رەت قىلغىنىغا ئۇنىماي ئالداپ ئاچىقىدۇ ۋە يول ئۈستىدە قەبىھ چاڭگىلىنى ئۇنىڭغا سۇنىدۇ. ئەمما ئۇلار قىلغان رەھىمسىز شۇملۇق ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. كىشىلەر ئەرز يېزىپ ياملۇغا سۇنىدۇ. ئاخىرىدا بۇ ئالدامچى خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھالدا جازالىنىدۇ:

كى جاڭجۇك بۇ چاڭموزىنى كەلتۈرۈپ،
ئانىڭ قول - ئاياغىنى باغلاپ تېڭىپ،
ئىككى ئىلكىدىن بەندى ئەيلەپ ئېسىپ،
تىلىنى تۈبەدىن پىچاقدا كېسىپ،
پېشانەسىدىن تېرىسىنى سويۇپ،
كى خەنجەردە ئىككى كۆزىنى ئويۇپ،
ئىككى ئىلكىنى جەينەكىدىن كېسىپ،
كى چاڭگاك بىلەن ئەمچەگىدىن ئاسىپ،
كېسىپ ئاندا ئىككى ئايىغىنى ھەم،
يۈرەكىگە تىغ ئۇردى، بولدى ئەدەم.

داڭلىق ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەد پولات ئېيتقاندەك، «ساتىرا — ھاياتىي رەزىللىكنىڭ كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان مەسخىرىلىك سۈرىتى»①. موللا بىلال دەل يۇقىرىقى داستانى ئارقىلىق ساختىپەز خو-جىلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىپ، ساتىرانىڭ رەزىل كۈچلەر بىلەن تىغ-مۇتىغ ئېلىشىدىغان جەڭگىۋار خۇسۇسىيىتىنى نامايان قىلغان. «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانىدىكى ھەر-بىر شېئىرىي پىكىر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۆتكۈر ھەجۋىي ئوبرازچانلىقتا، شۇنچىلىك قايناق ۋە قۇدرەتلىك ساتىرىك يالقۇنغا ئىگە بولغان. ساتىرانىڭ ئاساسى ئاچچىق كۈلكە، ئۇ ساتىرا ئۆزىگە ئوبيېكت قىلغان كىشىلەرنى ئۆلۈم گىردابىغا مۇپتىلا قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە②. مەزكۇر داستاندا دەل شۇخىل ئۇ-نۇم يارىتىلغان. يەنى، چاڭموزىدەك ساتىرىك ئوبرازنى يارىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ساختىپەز خوجىلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن. بۇ ئوبراز ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ خۇددى پا-رازىت قۇرتلاردەك خەلقنىڭ يىلىكىنى قورۇتۇپ، ئۇلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەن ئالدام-چى، رىياكار خوجا، ئىشانلارنى كۈچلۈك ھەجۋىي تىل بىلەن قاتتىق قامچىلىغان.

---

① مۇھەممەت پولات: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇھاكىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 - يىلى، 11 - ئاي 1 - نەشرى، 8 - بەت.

② شەرىپىدىن ئۆمەر: «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»(3)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىلى، 1 - ئاي 1 - نەشرى، 1693 - بەت.

داستاندا، شائىر يۇسۇپخان چاكموزىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش بىلەن بىللە، دىنىي خۇراپاتلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن خەلقنىڭ خوجا دېسىلا قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان نادانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ نادانلىقىغا ئېچىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنى ئالدامچى خوجىلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرىپ، ئۇلارنى ئويغىنىشقا ئۈندىگەن. داستاننىڭ ئومۇمىي ئىدىيەسىگە كەلسەك، شائىر ئۆز داستانىدا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ساتىرادىن ئىبارەت ژانىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نىسبىي نادانلىقىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، يەرلىك فېئودال كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى دىندارلارنىڭ ياردىمىدە كۆرەڭلەپ، قىنىغا پاتماي كەتكەن، خەلقنىڭ مال-مۈلكى ۋە ھاياتىغا ئېغىر زىيان سالغان سىرتتىن كەلگەن خوجىلارنىڭ ئالدامچىلىقىنى پاش قىلىدۇ. يەنى شۇ خوجىلارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا سۈرەتتەك نامايان قىلىپ بېرىدۇ. شائىر ئۆتكۈر قەلىمىگە تايىنىپ، خەلق تىلىغا ماھىرلىقى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئەدەبىي ئۇنۇم ياراتقان.

داستاننىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرىگە يارىشا تەتقىقاتچىلارنىڭ «چاكموزا يۇسۇپخان» داستانىنى «مەيلى ئىدىيەۋىلىك جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن، كامالەتكە يەتكەن ئىلغار پىكىردىكى ياخشى ئەسەر بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى ساتىرا ژانىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ[1]» دەپ ئېيتىشى ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، داستان تىلىنىڭ ئاددىي ۋە راۋانلىقى، خەلق تىلىغا يېقىنلىقى، ئىجتىمائىي رېئال ئەمەلىيەتنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەر بولۇپلا قالماي، نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمىز ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىمىزغا ئەھمىيەتلىك بىر ئۈلگە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

پايدىلانمىلار:

1. ساۋۇت موللائاۋۇت: «ۋەتەن ئىشقىدا»، ئالمۇتا «مەكتەپ» نەشرىياتى، 1987 - يىلى.

2. ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2)، 2 - قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان، 1984 - يىلى.

3.شەرىپىدىن ئۆمەر: «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»(3)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىلى، 1 - ئاي 1 -نەشرى.

4. غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»(2)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 - يىلى، 8 - ئاي 1 - نەشرى.

5. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى، 6 - ئاي 1 - نەشرى

6. نىمشېھىت: «شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ»، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1962 - يىللىق 6 - سان.

7. شەرىپىدىن ئۆمەر: «موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1979 - يىللىق 8 - سان

8. موللا بىلال: «چاكموزا يۇسۇپخان»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1958 - يىللىق 1 - سان.

9. موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ (ئۆمەر ئوسمان نەشرگە تەييارلىغان): «چاكموزا يۇسۇپخان»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981 - يىللىق 2 - سان.

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىرانتى)

[1] شەرىپىدىن ئۆمەر: «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»(3)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىلى، 1 - نەشرى، 1708 - بەت.

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى كۆنچىلىك ھۈنىرىمىزگە دائىر بايانلار

كۆنچىلىك — مۇئەييەن بىلىم - تېخنىكا ۋە خىمىيەلىك چۈشەنچىلەر ياردىمىدە ھايۋان تېرىسىنى يۇڭ - مويلىرىدىن تازىلاپ ۋە ئېچىتىپ، ئاشلاپ، ھەرخىل بويۇملارنى ئىشلەشكە لايىقلاشتۇرىدىغان قول ھۈنەر كەسپىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر قول ھۈنەر كۆنچىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلار كۆن بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەمما، كۆن كۆنچىلىكتىكى ئاساسلىق مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ كەسىپ «كۆنچىلىك»، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى «كۆنچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

تارىختىن بۇيان ھۈنەر - كەسپكە باي ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە، بولۇپمۇ يۇڭ - تېرە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئەڭ ماھىر جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئىچىدە كۆنچىلىك ئەزەلدىن مۇھىم كەسىپ سۈپىتىدە ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. قەدىمكى تارىملىقلار باش، ئۇست، ئاياغ كىيىملىرىنى ۋە ئات - ئۇلاغ، ھارۋا جابدۇقلىرىنى ئىشلەشتە پۇتونلەي دېگۇدەك ئۆزلىرى پىششىقلاپ ئىشلىگەن كۆن، چەم، خۇرۇملار بىلەن ئىشلەپ كەلگەن.

قەدىمدىن تارتىپ قۇرۇم تاغ ئېتەكلىرى بىلەن تارىم - تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىق ۋادىلارنى، قومۇل - تۇرپان، ئىلى ۋادىلىرىنى ماكان تۇتۇپ ياشاپ كەلگەن ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان تارىم- تەكلىماكان خەلقىنىڭ كۆن، چەم، خۇرۇم ماتېرىياللىرىغا بولغان ئېھتىياج تەلىپى يۇقىرى بولغاچقا، كۆنچىلىك ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تارىم - تەكلىماكان خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ كەلگەن «تاككا - تۇككاڭ تۆمۈرچى، پۇلنى ئۇسار كۆنچى، گېلىغىچە ئورا كولاپ، جان تالىشار بۆزچى» دېگەن قوشاق ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كۆنچىلىكنىڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ناھايىتى ئەتىۋارلىق ھۈنەر - كەسىپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### بىرىنچى، «دىۋان» دىكى كۆنچىلىككە دائىر مەلۇماتلار

11 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇزاق تارىخقا ئىگە

كۆنچىلىك ھۈنەرۋەنلىرىمىزگە ناھايىتى ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، بۇ قەدىمىي ھۈنەرۋەنلىرىمىزنىڭ مەشغۇلات جەريانى، خام ماتېرىياللىرى، پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلى، بوياش ـ تىكىش تېخنىكىسى ۋە كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرغان.

ئۇيغۇرلار ۋە كەڭ تۈركىي خەلقلەر ئوتتۇرا ئەسىرلەردىمۇ «تېرە» دېگەن مەنىدە ھازىرقىغا ئوخشاشلا «كۆن» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنتى. مەھمۇد كاشغەرىي «كۆن ئات تېرىسى، ئات كۆنى دېيىلىدۇ ۋە كۆپرەك بۇ يەردە ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە بۇ سۆز ئادەم تېرىسى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. تۆگە تېرىسىنى ‹تەۋەي كۆنى› دېيىشمۇ مۇشۇ سۆزدىن ئېلىنغان، ‹كۆن› دېگەن سۆز ئاشلانمىغان تېرىگە ئېيتىلىدۇ، ئاشلانغاندىن كېيىن قوغۇش دېيىلىدۇ» (3 ـ توم 191 ـ بەت) دەپ مەلۇمات بېرىش بىلەن بىللە، يەنە «قوغۇش» دېگەن سۆز ئاشلانمىغان تېرىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ يازغان. يەنە باشقا بىر يەردە، بۇ سۆزنى تولۇق چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە «قوغۇش» (1 ـ توم 478 ـ بەت) دېگەن سۆزنىڭ ھەم ئاشلانغان، ھەم ئاشلانمىغان تېرە دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئات، تۆگە تېرىلىرىدىن كەڭ پايدىلانغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆتۈك ھەققىدە خېلى كۆپ توختالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىدىن ھەر خىل ئۆتۈك، چورۇققا ئوخشاش نەرسىلەرنى تىكىپ كىيىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردىكى «ئەتۈك» (1 ـ توم 93 ـ بەت) دېگەن سۆز ھازىرمۇ ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار تاكى ھازىرغىچە ئۆتۈك كىيىش ئادىتىنى يوقاتقىنى يوق.

«ئۆتۈك» (2 ـ توم 135 ـ بەت) تېرە ياكى كىگىزدىن تىكىلەتتى. ئۇلارنىڭ «ئويما» ( 2 ـ توم 135 ـ بەت) دەپ ئاتىلىدىغان كىگىزدىن قىلىنىدىغان بىر خىل ئۆتۈكنى كۆپ كىيىدىغانلىقى ۋە ياخشى كۆرىدىغانلىقى مەلۇم، ئۇنىڭدىن باشقا دىۋاندا ئۆتۈك قىلىنىدىغان كىگىزنى «تۈركمەن كىگىزى» (2 ـ توم 135 ـ بەت) دەپ چۈشەندۈرگىنىگە قاراپ، بۇ خىل ئۆتۈك تۈركمەنلەرگە خاس ئۆتۈك بولۇشىمۇ مۇمكىن دېيەلەيمىز. «دىۋان» دا ئۆتۈك قىلىنىدىغان كىگىز ھەققىدە كۆپ توختالغان بولسىمۇ، لېكىن «ئۆتۈك» (2 ـ توم 296 ـ بەت) دېگەن بۇ ئىسىم كىگىز پايپاقمۇ ئەمەسمۇ، بۇنىسى نامەلۇم.

تېرە ئۆتۈكلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى «ساغرىم» نىڭ قىرىم (1 ـ توم 206 ـ بەت) دىن تىكىلىدىغانلىقى مەلۇم، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆتۈكنىڭ تىكىلىشى توغرىسىدا يېزىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتۈك تىككەندە تىكىش ئارىسىغا «سىغزىغ» (1 ـ توم 606 ـ بەت) قويۇپ تىكىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ، بۇنداق تېخنىكا ھازىرمۇ مەۋجۇت.

قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلاردا كۆن ئىشلەش ھۈنەرلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇلار تېرىنى شورداپ ياكى تېرە يۈزىگە زەمچە (1 ـ توم 135 ـ بەت) سېپىپ ياكى نۈشۈدۈر (1 ـ توم 528 ـ بەت) چېچىپ قۇرۇتۇپ ساقلاش ئىشلىرىغىمۇ پۇختا ئىدى. كۆن ئىشلەش تېرە ئاشلاشقا ئوخشىمايدىغان تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل كەسىپ، كۆن ئىشلەشتە تېرىنىڭ تۈكى «ئۇردۇتال» (1 ـ توم 168 ـ بەت) دېيىلىدىغان تۈك چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ھاك ئارىلاشمىسىدا چۈشۈرۈلەتتى. بۇ بىر خىل خىمىيەۋى ماددا بولۇپ، كۆيدۈرۈلگەن ھاك كۈكۈنى بىلەن گۈڭگۈرت سېرىقىنىڭ ئارىلاشمىسى ئىدى. بۇنىڭ يەنە «ئازۇتال» (1 ـ توم 196 ـ بەت) دېيىلىدىغان «ھاك ئارىلاشمىسى»مۇ بولۇپ، بۇ بەدەندىكى تۈكنى چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلەتتى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار كۆن ئىشلەشتە، ئالدى بىلەن تېرىنى سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ، تېرە يۈزىدىكى مايلارنى تەكشى قىرىۋېتىپ، ئاندىن تېرىنى سېسىق سۇغا چىلاپ، تېرە يۈزىدىكى تۈكلەرنى تولۇق قىرىپ تاشلاپ، شور سۇيىغا چىلاپ قايىنىتىپ، ئاندىن تېرىنى چۈچىلا سېلىنغان تونۇردا بىر نەچچە

قېتىم ئىسلاپ، قورۇتۇپ، ئۇۋۇلاپ، يۇمشىتىپ، تېرە يۈزىگە ئۆرۈك قوۋزىقى، دەرەخ پورى، زاراڭزا چېچ-
چىكى، ئانار پوستى، يۇلغۇن چېچىكى، قاراگۈل، كۆكتاش (مىس سۇلفات)، قىزىلتاش (قىزىل تۆمۈر رۇ-
دىسى)، زاك (1- توم 581 - بەت)، گىل (ماگنىي سىلىكات)، زەمچە (كالىي ئاليۇمىن سۇلفات) قاتارلىق
ئۆسۈملۈك ۋە مەدەن بوياقلىرى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېلىنغان ھەرخىل رەڭلىك بوياقلاردا، قارا، سېرىق،
قىزغۇچ سېرىق، قارا كۆك رەڭلەردە بوياپ كەلگەن①.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» دا كۆنچىلىك ۋە تېرە ئاشلاش توغرىسىدا كۆپرەك توختالغان. ئۇ «قۇيقا»
(3- توم 238 - بەت) دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ، «بۇ سۆز ئەسلىدە ئاشلانمىغان تېرىنى بىلدۈرسىمۇ، يەنە
بەزىدە ئاشلانغان تېرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ» دەپ يازىدۇ. «دىۋان» دا يەنە چورۇق قىلىشقا تەييارلانغان تېرە
ھەققىدە توختىلىپ، «چورۇقلۇق» (1 - توم 654 - بەت) دەپ يازىدۇ. قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر-
لەردە كۆندىن خۇددى ھازىرقىدەكلا «قىيىش» تاسما (3 - توم 173 - بەت) كېسىپ ئالىدىغانلىقى ھەققى-
دىمۇ مەلۇمات بەرگەن.

«دىۋان»دا يەنە «قوغۇش» (1 - توم 478 - بەت) ئاشلانغان ۋە ئاشلانمىغان تېرە، «تاتىرغا» (1 - توم 637 -
بەت) «ئاشلانغان ئاق تېرە» دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، بۇ تېرە ئاشلىنىپ ئاقارتىلغاندىن كېيىنكى تېرىنى
كۆرسەتسە كېرەك. ئۇ يەنە تېرە ئاشلاش ھەققىدە ئۇچۇر بېرىپ، «ئەرۈكلەدى» (1 - توم 402 - بەت)، «ئۇ
تېرە ئاشلىدى» دەپ يازىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە ئۆزگۈن — توخۇمەك دەرىخىنىڭ مېۋىسى، ئۇ تېرە ئەي-
لەشكە ئىشلىتىلىدۇ (1 - توم 213 - بەت) دەپ ئاشلىغۇچى ئەشيا توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ.

قەدىمدە كۆن، چەم، خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى خەلقىمىز تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ناھايىتى
كۆپ ئىشلىتىلەتتى، يەنە ئاشلانغان تېرىلەردىن تەييارلانغان تۇلۇملاردىن «تار» سال (3 - توم 202 -
بەت) ياسايدىغانلىقى، يەنى تۇلۇملارنى بىرلەشتۈرۈپ دەريادىن ئۆتىدىغان سال ياساپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى
«دىۋان» دىن مەلۇم. ئۆتۈك (3 - توم 461 - بەت)، تۇلۇم (3 - توم 199 - بەت)، چاناچ (تۇلۇم) (1 - توم
464 - بەت)، «تورسۇق» (ئىچىملىك تولدۇرۇلغان تۇلۇم) (3 - توم 187 - بەت)، ئۇقيا كىرىچى (1 -
توم 479 - بەت) قاتارلىقلاردىن باشقا، يەنە جۇۋا، تېرە ئىشتان، كەمچەت، قولقاپلارمۇ تېرىدىن
ئىشلىنەتتى.

گەرچە «دىۋان»دا «ئەرۈك» تېرە ئاشلىغۇچ (1 - توم 95 - بەت) دەپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تېرە
ئاشلايدىغان «ئۇلاق» مۇ ياكى تېرە ئاشلايدىغان ئېچىتقۇمۇ، بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نېمە دېيىلمىگەن ، ئەمما
«يەختەدەكتە» (ئۆتۈك ياكى مەسىنىڭ ئۈستىدىن كىيىدىغان تېرە پايپاق) (1 - توم 91 - بەت)؛ «ئۇ تېرە
ئاشلىدى» (1- توم 402 - بەت)، «كۆن»، «تۆگە كۆنى»، «ئات كۆنى» (3 - توم 191 - بەت) دېگەنگە ئوخ-
شاش كۆنچىلىككە ئالاقىدار سۆزلەر ۋە ئاتالغۇلار خاتىرىلەنگەن.

## ئىككىنچى، كۆنچىلىكىمىزگە ئالاقىدار باشقا تارىخىي مەلۇماتلار

ئەجدادلىرىمىز تېرە ئاشلاش ۋە كۆن، خۇرۇم ئىشلەشنى ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان بولۇپ، تارىخى
ئەڭ ئۇزاق بولغان ھۈنەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئىران، ھىندىستان قاتارلىق قوشنا دۆ-
لەتلەرنىڭ تېرە ئاشلاش، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىلىرىغىمۇ بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلى-
كى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. تارىخنامىلەردە كۆرسىتىلگەن تېرە ئاشلاش، تېرىنى قۇيقىسىزلاندۇرۇپ
كۆن - خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان.②

يېرى كەڭ، ئىقلىمى قۇرغاق، تەبىئىي جۇغراپىيەلىك شارائىتى مۇرەككەپ، قاتناش قولايسىز بو-
لۇشتەك تەبىئىي شارائىتلاردا ياشايدىغان، ئۇزاق مۇددەت ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان

ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى قامداش مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

ئەڭ ئىپتىدائىي ئاشلىغۇچى ماددا قېتىق ياكى تېرىق ئۇنى بولسا، تېرىنى قۇيقىسىزلاندۇرىدىغان ئەڭ ئىپتىدائىي ماددا ھاك بىلەن گۈڭگۈرت ئارىلاشمىسى ئىدى. قارا شورنى تېرىنىڭ يۈزىگە سېپىپ قورۇتۇش ئارقىلىق تېرىنىڭ سېسىپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىناتتى. ئەڭ ئىپتىدائىي ئىشتان تېرە تامبال بولۇشى مۇمكىن؛ كېيىنرەك تاسما ئورنىغا قوي، تۆگە يۇڭلىرىنى ئېگىرىپ، ئۇلاردىن ئېگىن (كىيىم) تىكىپ كىيىش بارلىققا كەلگەن. پاختىنى ئېگىرىپ يۇمغاق قويۇش، يۇمغاقنى قوناق ئۇنىدا پاتلاش (پات بېرىش، سۇپەت بېرىش)، ئەلۋەتتە كاناپ، پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن بىرخىل يۇقىرى تېخنىكىلىق ھۈنەر ئىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللىرىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي سۇ قاچىسى «تۇلۇم» (ساناچ)، سوغا (ياغاچ چېلەك) بولۇشى مۇمكىن.

ئادەتتە تېرىنى ئاشلىغاندىلا ئاندىن ئەيلىگىلى بولىدۇ. تېرە ئاشلاش تېرىنىڭ سۈپىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان بىرخىل خىمىيەۋى جەريان بولسا، تېرە ئەيلەش — تېرىنى يۇمشىتىپ ئەۋرىشىملىكىنى ئاشۇرىدىغان بىرخىل مېخانىكىلىق جەرياندىن ئىبارەت. خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردا تېرە ئاشلاش مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە ئومۇملاشقان ۋە ئائىلىۋى ھۈنەرگە ئايلانغانىدى. تېرە ئەيلەش — تېرىنى يۇمشىتىشنى ئاساس قىلىدىغان، مەلۇم دەرىجىدە تېخنىك تەلەپ قىلىدىغان ھۈنەردىن ئىبارەت.

تارىم - تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئاشلانغان تېرە، كۆن - خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك، كەش، سەندەل، پوپۇچ، پەلەي، يا قېپى، تۇلۇم ۋە ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىنىڭ نەپىسلىكىگە قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز مىلادىيەدىن بۇرۇنلا تېرە ئاشلاش ھۈنىرىنى ئىختىرا قىلغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ. چۈنكى، پاختا - كاناپ توقۇمىچىلىقى تۇرمۇش تەلىپىنى قاندۇرالمىغان ئەينى زامانلاردا، ئۇلار قىش - ياز يېپىنچىغا موھتاج ئىدى. بۇنداق يېپىنچىلارنى ئۇلار پەقەت ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ تېرىسىگە تايىنىپلا ھەل قىلاتتى. زامانىمىزدىكى كۆن، چەم، تېرە - خۇرۇملاردىن ئىشلىنىۋاتقان ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھۈنەرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقتىن كېلىدىغان تېرە مەھسۇلاتلىرى ئۆز ئىستېمالىدىن ئېشىپ تۇراتتى. ئۇلار مەيلى دېھقانچىلىقنى كەسىپ قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن ۋە ياكى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشسۇن، ئۇلار يەنىلا قوشۇمچە چارۋا باقاتتى ياكى چارۋىدىن كىرگەن كىرىمگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئاز - تولا ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، شۇ سەۋەبتىن، ھەر بىر ئائىلىدە تېرە ئاشلاش، تېرە سودىسى قىلىش بولۇپ تۇراتتى. ئاشلانغان تېرىلەر ئەيلىنىپ، ئاقارتىلىپ، ئېگىن تىكىپ كىيىلەتتى. ھەرخىل ئېگىنلەر (كالتە جۇۋا، ئۇزۇن جۇۋا، كەمچەت ۋە تېرە تامباللار) تىكىلەتتى. ئۇيغۇرلار ئىچىدە تېرە سودىسىنى كەسىپ.قىلغانلار يۇرتمۇيۇرت يۈرۈپ، تېرە يىغىۋېلىپ، تېرىلەرنى ياقا - يۇرتلارغا ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. يېقىندىن بېرى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە «ئات، كالا، قوي، تۆگە ۋە سۆسەر تېرىسى»[3] ئېلىپ بېرىپ سېتىپ تۇراتتى. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بارىدىغان بۇيۇملىرى ئىچىدە ماتا ۋە سۆسەر تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلار بولاتتى»[4]. «قىتانلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خىراج تاپشۇرىدىغان ئاق ماتامۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى»[5]. «ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئا-

ساسلىق سودا ئوبيېكتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئىدى»[6].

ئەينى ۋاقتىدا ھازىرقى شىنجاڭدا ئادەم ئاز، زېمىن كەڭرى، قاتناش قولايسىز بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ھەرقانداق جايدا كىشىلەر ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تېرە ئاشلاش، كۆن ئىشلەش ھۈنەرلىرىنى ئىگىلەشكە سەۋەب بولغانىدى. شۇڭا ئۇلاردا تېرە ئاشلاش، كۆن ئىشلەش، ئۇلاردىن ھەر تۈرلۈك ئېگىن تىكىش ئومۇملاشقانىدى. يېزا - قىشلاقلاردا تېرىدىن ئېگىن تىكىدىغان «جۇۋىچىلار» بار ئىدى. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز يېڭى تاش قورال دەۋرلىرىدىن بۇرۇن يارىشىملىق جۇۋا، تامبال، تۇماقلارنى تىكىپ كىيىشنى بىلگەن[7].

مەلۇمكى، تېرە ئاشلاش بىر خىل خىمىيەۋى ئېچىتىش جەريانى بولۇپ، تېرە يۈزىدىكى ئاقسىللار ئاشلىغۇچى ماددا (تاننىن) نىڭ ياردىمىدە شەكىل ئۆزگەرتىدۇ. تېرە يۈزىدىكى مۈڭگۈزسىمان ماددىلار ئېچىتقۇچى باكتېرىيە تەسىرىدە ئېچىپ شەكىل ئۆزگەرتىپ، ئەۋرىشىم شەكىلگە كېلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز تەننەرخى ئەرزان، تەركىبىدە ئاشلىغۇچى ماددا بىر قەدەر كۆپ بولغان تېرىقنى قورۇپ، تۈگمەندە تارتىپ، ئۇنى خېمىر قىلىپ يۇغۇرۇپ ئۇنىڭغا ئازراق خېمىرتۇرۇچ سېلىپ بولدۇرۇپ (ئېچىتىپ)، تېرىنىڭ نەمدەلگەن يۈزىگە تەكشى يېيىتىپ، تېرىنى تۇزلۇق سۇيى بىلەن ئۇلاغقا ئوبدان قاتلاپ سېلىپ، كۈن نۇرىدىن دالدا ئورۇندا قويۇپ، 18 كۈندىن 21 كۈنگىچە ئاشلاش ھۈنىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغانىدى. تېرىنىڭ ئاشلانغان ياكى ئاشلانمىغانلىقى تېرە يۈزىدىكى بىر قەۋەت نېپىز پەردىنىڭ ئاسان سويۇلۇشى بىلەن ئۆلچەم قىلىناتتى، تېرە ئاشلاش شارائىتىنى ئوبدان كونترول قىلاتتى، مانا بۇ ئەپچىل ھۈنەر - تېخنىكا تېرىنى ئاشلاش جەريانىدىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ خىل ئىش سەنئىتىنى ئۇيغۇر خەلقى تاكى ھازىرغىچە ساقلاپ قالغان. ئادەمنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغايدىغان يېرى شۇكى، ئەجدادلىرىمىز تېرە ئاشلاشتا نېمە ئۈچۈن بۇغداي، قوناق ياكى ئارپا ئۇنلىرىنى ئىشلەتمەي تېرىق ئۇنى ئىشلەتكەن؟ ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەتلىك تەجرىبە ئەمەلىيىتى جەريانىدا تېرىق تەركىبىدە ئاشلىغۇچى ماددىنىڭ مول بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. يەنە بىر قىسىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تېرىنى قېتىق بىلەن ئاشلاش تېخنىكىسى تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، غۇلجىدا پاقلان، قوزا تېرىلىرىنى قېنىق چاي سۈيىدە ئاشلاپمۇ ئىشلىتىدۇ. خىمىيە تارىخي ماتېرىياللىرىدا گلاۋبىر تۇزى (بىرتولېت تۇزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى ناترىي سۇلفات بولۇپ تۇرپاندىن كۆپ چىقىدۇ) دىن پايدىلىنىپ تېرىنى ئاشلىغىلى ۋە قۇيقىسىزلاندۇرۇپ كۆن ئىشلەشكە بولىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرىگە ئائىت تارىخي ماتېرىياللاردا، غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز «تۆمۈر تاۋلايدىغان ئوچاقلىرىغا تېرىدىن كۆيەك ئىشلەتكەن»[8] لىكى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىيەدىن 600 — 800 - يىللار بۇرۇن تېرىنى ماددىي تۇرمۇشقا ئىشلىتىپلا قالماستىن، يەنە باشقا ھۈنەرلەرنىڭ تېخنىكىسىنى يېڭىلاشتىمۇ ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار كەم تېپىلىدىغان قىممەتلىك بىر قىسىم تېرىلەرنى سوۋغا - سالام سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەن. «ئۇيغۇرلار تاڭ پادىشاھىغا ھەر يىلى بۆلغۈن تېرىسى تارتۇق قىلىپ تۇراتتى»[9]. خەن، سۈي، ۋېي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە «ئۆتۈك، كەمەر، تاسما، ئېگەر - جابدۇقلىرىنى سوۋغا - سالامغىمۇ ئىشلىتەتتى»[10]. مىلادىيە 720 - يىللىرى «جەنۇبىي ئەنەتكەك (ھىندىستان) دىن تاڭ سۇلالىسى چاۋيەنگە بىر دانە يىلپىز تېرىسى سوۋغا قىلىنغان»[11]. «مىلادىيە 622 - يىلى (ۋۇدېنىڭ 5 - يىلى) 4 - ئايدا غەربىي تۈركلەر يابغۇ خانغا بىر دانە شىر تېرىسىنى ئەۋەتكەن»[12]. «ئۇيغۇرلار تېرىدىن تامبال ۋە ئۆتۈك كىيەتتى»[13]. «ئۇيغۇرلار تېرىدىن كىيىم تىكىپ كىيىپ، گۆش بىلەن ئوزۇقلىناتتى، تېرە كىيىملەر ئۇلارنىڭ قول سا-

نائىتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى»[14].

ئەجدادلىرىمىز كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرى، يېڭى تاش قورال دەۋرلىرىنىڭ باشلىرىدا تېرە ئاشلاش، تېرىنى قۇيقىسىزلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى ئىختىرا قىلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا كۆچكەن ۋاقىتىدا، تېرىق ئۇنىنىڭ ئېچىتىلغان خېمىرىنى ئاشلىغۇچى ماددا قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۆتۈك كۆن - خۇرۇمدىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئاياغ كىيىم بولۇپ، بۇ قول ھۈنەرلەر ئىچىدىكى مۇرەككەپ، ئەمما ئىلغار، تىكىش قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان بىرخىل ھۈنەرنىڭ مەھسۇلى، تېرە، كۆن - خۇرۇملاردىن ئۆتۈك، كەش، سەندەل، پوپۇچ، بەتىنكە، چوقاي تىكىش ھۈنەرلىرىنى ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغانىدى. ئۆتۈك توغرىسىدا مىكوۋىن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» دېگەن كىتابىدا «نىل دەريا ۋادىسى، مېسسوپوتامىيە، خۇاڭخې دەريا ۋادىسىدىكى رايونلاردا ياشىغان قەدىمكى ئادەملەر ياغاچ كەشلەرنى كىيەتتى، ئۆتۈك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتى ئىدى» [15]دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار كۆن - خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن كەمەر، ئۆتۈكلىرىگە ھەرخىل گۈل نەقىشلەرنى سىزىپ ئۇلارغا ئالتۇن - كۈمۈش رەڭلىك سىرلاردا ھەل بېرىپ ياساشقا ماھىر ئىدى. «قاشتېشى كەمەر قاتارلىق بۇيۇملار ئۇيغۇرلاردا ئىشلەپچىقىرىلاتتى»[16]. «ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىرىدە ئېگەر جابدۇقلارنى خۇرۇمدىن ياسايتتى»[17]. «شەھەر بازارلىرىدىكى قول - ھۈنەرۋەنلەردىن سىرت چارۋىچىلار ئىچىدىمۇ كۆن - خۇرۇم ئىشلەش ھۈنەرلىرى راۋاجلانغان» [18]بولۇپ، ئۇ يەرلەردىمۇ بۇ خىل ھۈنەرلەرگە ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر بار ئىدى. مىلادىيە 3 — 8 - ئەسىرلەرگىچە قالدۇرۇلغان كۇچا مىڭئۆي رەسىملىرىدە «كىيىۋالغان ئۆتۈكى بىلەن تامبىلى ئادەمنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ»[19]. مانا بۇ تارىخىي پاكىتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كەم دېگەندىمۇ مىلادىيەدىن خېلى ئەسىرلەر بۇرۇن كۆن - خۇرۇم ئىشلەش ھۈنەرلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىرلەردىن باشلاپ مىلادىيەدىن كېيىنكى 10 - ئەسىرلەرگە قەدەر سوغدىلار، پارسلار بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىش جەريانىدا، ئۇلار ئات، كالا، ئۆچكە، قوي، تۆگە، بۇلغۇن، بۇغا، تۈلكە، بۆرە تېرىلىرىنىڭ سودىسىنى قىلىشاتتى. بۇ خىل سودىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆن - خۇرۇم ئىشلەش ھۈنەرلىرى مەھەللىۋى ھۈنەرگە ئايلىنىشقا سەۋەب بولغانىدى.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا، مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار كۆن - خۇرۇملارنى ھەر خىل رەڭلەردە بوياشقا ئۇستا بولۇپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتىكى كالا، ئات سودىسى قىلىدىغان كىشىلەرمۇ بازار رىقابىتى ئۈچۈن، گۆشگۆرت - ھاك ئارىلاشمىسى، گلاۋبىر تۇزى ۋە بەزى بوياقلار بىلەن ئات، كالىلىرىنىڭ تۈكىنى بوياپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار[20].

قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان قېزىلما بۇيۇملارنىڭ رەڭگىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار خېلى قەدىمدىلا كۆن - خۇرۇم بوياقچىلىقىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا كۆن - خۇرۇملارنى قىزىلتاش (قىزىل تۆمۈر رۇدىسى)، بور توپىسى (ئاق رەڭلىك)، گېل (جىگەر رەڭلىك)، كىنوۋار (قىزىل رەڭلىك)، زاك ، يېشىل زەمچە، كۆك تاش (مىس سۇلفات)، تۇز تېشى (مىس ئاساسلىق كاربونات)، قوغۇشۇن ئۇپا (قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات) قاتارلىق مەدەن بوياقلارنى يانجىپ، تالقانداپ ئۇلارنى گۈلسۈرۈخ، قارىگۈل، شاتارىي، يۇلغۇن چېچىكى (يۇلغۇن لاۋىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئانار پوستى، قورۇم، زەيچىۋە، ئوردان (رويان) قاتارلىق ئۆسۈملۈك بوياقلىرىنىڭ پاراشوكىغا مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ،

قارا كۆك، جىگەر رەڭ، زەڭگەر، هال، سېرىق، قىزىل قاتارلىق رەڭلەرنى ئىشلەپچىقىرىپ، كۆن - خۇرۇملارنى ئاساسلىقى قارا كۆك، جىگەر رەڭلەردە بويايتتى.

مىلادىيەدىن كېيىنكى دەۋرلەردە، كۆن - خۇرۇم بوياقچىلىقى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار خۇرۇمنى قىزىل، جىگەر، قارا، ئەت رەڭلەردە بوياپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى مەلۇم، ئەينى ۋاقىتتا كۆك رەڭلىك خۇرۇم قىممەت بولۇپ، بۇ خىل رەڭ ئۈچۈن كۆپىنچە ئۇلار قاراگۈل (لەيلىقازاق) ئىشلىتەتتى.

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا كۆن - خۇرۇم ئىشلەيدىغان كىشىلەر هازىرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. تارىختىن بېرى بوياقچىلىقتا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان قاراگۈل (لەيلىقازاق) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئەنئەنىۋى بوياقلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ قىزىل، هال، سۆسۈن رەڭلىكى «قارا گۈل» دېگەن نامى بىلەن داڭلىق بولۇپ، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىش قولايلىق، بوياش ئىقتىدارى ياخشى، كۆن نۇرىغا چىداملىق، هەممە يەرلەردە ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. تەركىبىدىكى بوياق مىقدارى %50 - %65 كە يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يۇلغۇن چېچىكىمۇ ئاسان تېپىلىدىغان، ئىقتىدارى يۇقىرى تەبىئىي بوياق ماتېرىيال دەپ قارالغان. شۇڭا، يۇلغۇن چېچىكى بىلەن بويالغان رەختلەر ئاسانلىقچە ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ.

## ئۈچىنچى، كۆنچىلىكىمىزگە دائىر ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار

ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار بىلەن ئالاقىدار تارىخ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، كۆنچىلىك كەسپى ئەڭ ئاۋۋال بەدەننى مۇهاپىزەت قىلىدىغان كىيىم - كېچەك زۆرۈرىيىتىدىن كېلىپ چىققان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تارىم - تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدە ئاۋۇپ - كۆپىيىپ، جامائەلىشىپ كەلگەن ئەجدادلار يىراق تاش قورال دەۋرىدە جان ساقلاش، قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن هايۋانلارنى ئوۋلىغان، ئۇنىڭ گۆشىنى ئوزۇق قىلسا، تېرىسىنى سويۇۋېلىپ بەدەننى مۇهاپىزەت قىلىدىغان يېپىنچا قىلغان. كېيىنچە هايۋان تېرىلىرىنى تاش پىچاقلاردا كېسىپ، بىر - بىرىگە ئۇلاپ، بەدەنلىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئاددىي هەم قوپال تېرە كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇۋ هايۋانلىرىنىڭ تېرىلىرىدىن ئاياغ (چورۇق) كىيىمى ۋە باش كىيىمى (قالپاق، پوسما) تىكىپ كىيىشنى ئۆگىنىۋالغان. دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تۇرلۇك هۈنەر - كەسىپ بارلىققا كەلگەن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كەلگەندە، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مال - چارۋىلارنىڭ كۆپىيىشى، تېرىنى ئېچىتىش ۋە ئەيلەش تېخنىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن كۆنچىلىكىمۇ بىرخىل مۇهىم كەسىپ قاتارىدا بارلىققا كېلىپ كۈنسايىن تەرەققىي قىلغان ۋە بارا - بارا موزدۇزلۇق كەسپىمۇ بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەجدادلار هايۋان تېرىلىرىدىن ناهايىتى ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۇنىڭدىن كۆن، چەم، خۇرۇم، ئاق لەيكە، ياتا - تاسما قاتارلىق مەهسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان. بۇ تېرە مەهسۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىپ، هەرخىل شەكىل ۋە پاسونلاردىكى باش كىيىم، ئۈست كىيىم، ئاياغ كىيىملەرنى تىكىپ كىيىپ تۇرمۇشنى قامدىغان، يەنە ئات، ئېشەك ئېگەر - توقۇملىرى، هارۋا جابدۇقلىرى، هەرخىل تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنىمۇ ياساپ پايدىلانغان. بۇنى تارىم - تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى ئىپتىدائىي بوستانلىق ۋادىلاردىن ۋە قومۇل، تۇرپان ئويمانلىقلىرىدىن تېپىلغان كۆنچىلىككە دائىر نەق ماددىي يادىكارلىقلار ئىسپاتلايدۇ.

مەسىلەن، 1959 - يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى نىيە خارابىسىدا قېزىش - تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بۇ قەدىمكى پايتەخت خارابىسىدىن باشقا يادىكارلىقلار قاتارىدا كۆن، چەم، ئاشلانغان تېرىدىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك، كەش، چورۇقلار، تۇماق - قالپاقلار، ئات ۋە هارۋا جابدۇقلىرى، قاپچۇق، خالتىلار بايقالغان. بەزى كۆن بۇيۇملار چىرىپ ئەسلى هالىتىنى ساقلاپ قالالمىغان[21].

1995- يىلى جۇڭگو - ياپونىيە نىيە خارابىسىنى بىرلىكتە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ جايدىكى MN195 - نومۇرلۇق قەبرىنى قېزىپ ناھايىتى مول يادىكارلىقلارغا ئېرىشكەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ كۆن، چەم، ئاشلانغان تېرىدىن ئىشلەنگەن ھەرخىل ئاياغ كىيىملەر، باش كىيىملەر، ئات جابدۇقلىرى، قاپچۇق ھەم خالتىلار بايقالغان. مەسىلەن: چاسا شەكىللىك جەسەت ساندۇقىغا بىر ئەر، بىر ئايال بىللە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئەر جەسەتنىڭ پۇتىغان كۆندىن تىكىلىپ چۆرىسىگە چىرايلىق نەقىشلەر چىقىرىلغان كالتە قونچىلىق ئاياغ كىيدۈرۈلگەن. ئايال جەسەتنىڭ پۇتىغا كۆندىن تىكىلگەن، ئۈستى قارا بويالغان ۋە چىرايلىق، يارشىملىق گۈل - جىيەكلەر چىقىرىلغان نەپىس ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن[22]. يەنە كۆزدىن ياسالغان ۋە ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن يا قېپى، ئوقدان، ئىگەر - توقۇملارمۇ تېپىلغان.

1984 - يىلى، شىنجاڭ مۇزېيىدىكى ئارخېئولوگلار لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىش ئېلىپ بارغان. بۇ جايدىكى 52 قەبرىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆنچىلىككە دائىر تارىخىي ئۇچۇرلار ناھايىتى كۆپلەپ تېپىلغان. يەنى جەسەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ پۇتىغا كۆن ۋە چەم ئۆتۈك، يەنە بەزىلىرىنىڭ پۇتىغا كىگىز پايپاق، كۆن - خۇرۇم ئۆتۈكلەر كىيدۈرۈلگەن. ھەتتا بەزى چەمى كۆن، قونچى كىگىز پايپاقلارنىڭ ئۈستىگە قارا سىر بېرىلگەن (مەسىلەن، M10 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەتنىڭ پۇتىغا شۇ خىل ئاياغ كىيدۈرۈلگەن)[23]. يەنە كۆن، چەملەردىن ئىشلەنگەن تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر بۇيۇملارمۇ خېلى كۆپ تېپىلغان.

1993 — 1994 - ۋە 1996 - يىللىرى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىلەن فىرانسىيە پەن - تەتقىقات مەركىزى 315 - ئورنىدىن تەشكىللەنگەن كېرىيە دەرياسى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى يۇمىلاققۇم قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىش ۋە تازىلاش ئېلىپ بارغاندا، تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ ئۈچىگە يىرىك، سىپتە توقۇلغان يۇڭ توقۇلما كىيىملەر، سىرتىغا ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن چاپان - تامباللار كىيدۈرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ كۆن، چەملەردىن تىكىلگەن تۇماق - قولاقچىلىرى بىلەن بەلباغلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان. جەسەتلەرنىڭ پۇتىغا كۆن، چەملەر ۋە ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۆتۈكلەر كىيدۈرۈلگەن، يەنە كۆن ۋە چەمدىن ياسالغان ئات جابدۇقلىرىمۇ تېپىلغان. ئەمما بەكلا چىرىپ كەتكەچكە نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى قېزىپ ئېلىش مۇمكىن بولمىغان[24].

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭ ئەترىتى 2002 - يىلى، 2003 - يىلى، 2004 - يىلى ۋە 2005 - يىلى كېرىيە ناھىيەسىدىكى لۇش قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 52 قەبرىدىن جەمئىي 164 ئەر - ئايالنىڭ جەسەتلىرىنى قېزىۋالغان. ئالاھەزەل ئۈچ مىڭ يىلدىن ئۇزاقراق تارىخىي سىرلارنى كۆمۈپ ياتقان بۇ قەبرىلەردىن ئەجدادلارنىڭ كۆنچىلىك ھۈنەر - كەسپىگە ئالاقىدار ماددىي بۇيۇملار (يەنى كۆن، چەم، ئاشلانغان تېرىلەردىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك، چورۇق، كەشلەر، تۇماق - قالپاقلار، ئات جابدۇقلىرى، قاپچۇق، خالتىلار) بايقالغان بولسىمۇ، بىراق بۇ كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ئالاھازەل ئۈچ مىڭ يىل قارا يەر ئاستىدا تۇرۇپ قۇرۇپ، چىرىپ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالالمىغان، ھەتتا بەزىلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن[25].

2002 - يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇم دەريا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا تۆت قەبرىنى سىناپ قازغان. قېزىش جەريانىدا ھەرخىل، نۇرغۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلار بايقىلىش بىلەن بىللە، يەنە قەدىمكى تەكلىماكانلىقلارنىڭ كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرىغا دائىر ماددىي يادىكارلىقلارمۇ تېپىلغان. بۇ قەبرىلەردىكى جەسەتلەرنىڭ بەزىلىرىگە كۆن، چەم ئۆتۈك، كەش، تېرە قالپاق، قولاقچا كىيدۈرۈلگەن، يەنە بەزى قەبرىلەردىن كۆن - تېرىلەردىن ئىشلەنگەن ئات جابدۇقلىرى، يا قېپى، ئوقدان قاتارلىقلار بايقالغان. ئارخېئولوگلار قۇمدەريا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يادى-

كارلىقلارنى كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەپ، بۇنى 3800 ـ 4000 يىللىق تارىختا ئىگە، ئۆردەكلىك قەبرىستانلىقىدىن (كروران گۈزىلى ياتقان) بالدۇر ياكى تەخمىنەن بالدۇر دەپ يەكۈنلىگەن[6].

1979 ـ يىلى 11 ـ 12 ـ ئايلاردا، ۋاڭ بىڭخۇا باشچىلىقىدىكى ئارخېئولوگلار كۆنچى دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئۆردەكلىك قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 42 قەبرىنى قازدى ۋە تازىلىدى (دۇنياغا مەشھۇر «كروران گۈزىلى» دەل مۇشۇ قەبرىستانلىقتا ياتقان). بۇ قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان كىشىلەرنىڭ بەزىسى پۇتىغا كۆن ـ چەملەردىن تىكىلگەن ئۆتۈك، چورۇق ۋە پوپۇچ، بېشىغا ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن قالپاق، قۇلاقچا، پوسما كىيدۈرۈلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى تېرىدىن تىكىلگەن ئىشتان، تامبال، تېرە قالپاق، بۆكلەرنى كىيگەنلىكى مەلۇم بولدى[7]. ئارخېئولوگىيەلىك نەق ماددىي ئىسپاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، «بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنلا كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا چارۋا ـ مال بېقىلغان، ئىپتىدائىي كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەنگەن»[8] لىكى مەلۇم. «بىرونزا قوراللار دەۋرىدە تېرىدىن ئاياغ ئىشلەش قاتارلىق ئىپتىدائىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە روناق تاپقان»[9]. بۇ دەۋر تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ــ 800 ـ يىللارغا قەدەر بولغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ.

1995 ـ يىلى 11 ــ 12 ـ ئايلاردا ئارخېئولوگلار كۆنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 32 قەبرىنى قازدى، 120 قەبرىنى تازىلىدى. بۇ قەبرىلەردە ياتقان جەسەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ بېشىغا كۆن، چەم، تېرىلەردىن تىكىلگەن قالپاق، تۇماق، پوسمىلار، پۇتلىرىغا كالتە ۋە ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈكلەر كىيدۈرۈلگەن. ئاشلاپ ئەيلەنگەن تېرىلەردىن پەرداز بۇيۇملىرىنى قاچىلايدىغان كۆركەم خالتىلارنى تىكىپ پايدىلانغان. مەسىلەن، M19 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ئەر جەسەتنىڭ پۇتىغا كۆندىن تىكىلگەن ناھايىتى چىرايلىق ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن بولسا، M22 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان سارغۇچ چاچلىق، قارا رەڭدە قېنىق قاشلىق ئېتىۋالغان ئۆز ئايال جەسەت يېنىغا خۇرۇمدىن (كۆندىن) تىكىلگەن ناھايىتى كۆركەم بىر خالتا قويۇلغان، خۇرۇم خالتا ئىچىگە قىزىل رەڭلىك پەرداز بوياقلىرى سېلىنغان، M20 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ئايال جەسەتنىڭ سول بىلىكىگە مىس بىلەزۈك سېلىنغان، يۈزىگە چۈمبەل يېپىلغان، پۇتىنىڭ تىرناقلىرى قىزىل بويالغان، پۇتىغا كۆندىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1800 ــ 2000 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارالغان[10].

2003 ــ 2004 ـ يىللىرى ئارخېئولوگلار كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇم دەريا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 33 قەبرىنى قازدى، مىس قوراللار دەۋرىنىڭ باشلىرىغا خاس بۇ قەبرىلەردىن ناھايىتى قەدىمىي ۋە مول يادىكارلىقلار تېپىلىپلا قالماي، يەنە ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇ زامانلاردىكى كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرىغا دائىر ئۆتۈك، كەش، قاپچۇق، ئات جابدۇقلىرى، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر كۆندىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار تېپىلدى. ئارخېئولوگلار بۇ قەبرىدىن قېزىۋالغان يادىكارلىقلارنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1420 ــ 1690 ـ يىللارغا مەنسۇپ دەپ قارىدى[11].

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي ئىسپاتلاردىن مەلۇمكى، قەدىمدە تەكلىماكان ئەتراپلىرىدىكى خوتەن ـ چەرچەن قاتارلىق ۋادىلاردا تىرىكچىلىك قىلغان ئەجدادلار مىلادىيەدىن 2000 يىل بۇرۇن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلا كۆنچىلىك ھۈنەر كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. بولۇپمۇ ئۇۋچىلىق ھاياتىدىن چارۋىچىلىق ھاياتىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزلىرى كۆندۈرگەن ئات، كالا، تۆگە، قوتاز، قوي، ئۆچكە قاتارلىق مال ـ چارۋىلارنىڭ تېرىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن ھەرخىل باش، ئۇستى، ئاياغ كىيىملىرىنى، ئات ـ ئۇلاغ جابدۇقلىرىنى، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر بۇيۇملارنى ئىشلەپ

پايدىلانغان. خوددى ئالىملار: «بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا چارۋا ـ مال بېقىلغان، ئىپتىدائىي كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەنگەن، ئاشلانغان تېرىدىن كىيىم تىكىلگەن»[8] لىكى مەلۇم، دەپ يازغاندەك، دىيارىمىزنىڭ بىرونزا دەۋرى مەدەنىيىتى تىپىغا مەنسۇپ بولغان خارابە ـ ئىزلار خېلى كۆپ بولۇپ، بىرونزا قوراللار دەۋرىدە «...تېرىدىن ئاياغ ئىشلەش قاتارلىق ئىپتىدائىي قول سانائەت مۇئەييەن دەرىجىدە راۋاج تاپقان»[9]. بۇ دەۋر تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ 700 يىللارغا قەدەر بولغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەلىل ـ پاكىتلار ئاساسىدا تارىم ـ تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدە ياشاپ كەلگەن ئەجدادلارنىڭ بۇنىڭدىن 3000 ـ 4000 يىللار بۇرۇنقى بىرونزا قوراللىرى دەۋرىدىلا كۆنچىلىك تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. تۆمۈر قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئۆتكۈرلۈك قوراللىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئەجدادلار ئېشىنچا تېرە مەھسۇلاتلىرىغا ئىگە بولۇش بىللەن بىللە، كۆن، چەم، خۇرۇم قاتارلىق تېرە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش يەنىمۇ يۇكسىلىپ، كۆنچىلىك تېخنىكىسى ۋە تېرە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتى تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. بۇنىڭغا كۆنچىلىك تېخنىكىسىدا تۆمۈر قوراللارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى سەۋەب بولغان.

## تۆتىنچى، كۆنچىلىك مەشغۇلاتى ۋە ئۇنىڭ ئىش تەرتىپلىرى

يۇقىرىدا كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلگەندەك، نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆنچىلىك سايمانلىرى، مەشغۇلات ئۇسۇلى، كۆنچىلىك تېخنىكىسى ۋە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئىش ـ تەرتىپلىرى بىزگە مەلۇم ئەمەس. شۇنداقتىمۇ كۆنچىلىكنىڭ كۈچلۈك ۋارىسچانلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن، مەشغۇلات تەرتىپى ۋە تېخنىكىسى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، قوپاللىقتىن ئىنچىكىلىككە، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ئاددىيلىقتىن سىپتىلىققا، نازۇكلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامانغىچە يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك، ئۆزىگە خاس كۆنچىلىك ھۈنەر ـ كەسپى ھەرگىزمۇ بىرنەچچە كىشىنىڭ ھە ـ ھۇ دېيىشى بىلەن بىر كۈندىلا ئاپىرىدە بولۇپ يارالغان ۋە تارالغان ئەمەس، ئۇ ئۇزاق زامانلار مابەينىدە، قانچە مىڭ قېتىملاپ تەجرىبە ۋە سىناق قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھازىرقى تەرەققىي قىلغان كۆنچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى قەدىمكى كۆنچى ھۈنەرۋەن ـ ئۇستا ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلارغا مىراس ـ ئۇدۇم قالدۇرۇشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. تارىختىن بۇيان ھۈنەر ـ سەنئەتكە ماھىر ئۇيغۇر خەلقى ئەجدادلىرىدىن قالغان كۆنچىلىك ھۈنەر ـ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆز تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە يارىشا تېخىمۇ بېيىتقان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان.

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن كۆنچىلىك ھۈنەر ـ كەسپى تېخنىكىسى ئەجدادلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئەجىر ـ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ داۋامى ھەم راۋاجى.

1. كۆنچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال، سايمانلار ۋە ئاشلاش، ئەيلەش مەشغۇلاتى

1) ماتېرىيال ـ سايمانلار

كۆنچىلىكتە تېرىنى يۇمشىتىدىغان ھاك، تېرىنى شورلاش ۋە ھاكسىزلاندۇرىدىغان «كۆنچى شورى»، چەم ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان تۇز، يەرلىك تەبىئىي بوياق، تەييار كۆن ـ خۇرۇملارغا تەگلىك رەڭ بېرىدىغان ئۆرۈك يىلتىزى قوۋزىقى، رەڭ ئېلىشنى كۈچەيتىدىغان ئانار پوستى، تېرە ئىسلاشقا ئىشلىتىلە-

دىغان قومۇش پاسىرى ياكى چىغ، تېرىنى چىلاپ يۇمشىتىدىغان يەر سوغىسى، تېرە چىلايدىغان ئۇلاق،
بوياق ماتېرىياللىرىنى قايىنىتىدىغان چوڭ چويۇن قازان، هاك ئېرىتمىسىدە تېرىنى پىشۇرىدىغان كۆپ،
تېرىنى قىرىشقا ۋە داسلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئورغاق، تېرىنىڭ ئىچ يۈزىنى قىرىدىغان چاك كەكىسى،
پىشۇرۇلغان تېرىنى تارتىپ سوزىدىغان پەشكال، تۇز ۋە بوياق ماتېرىياللىرىنى سوقىدىغان سوقا، تېرىگە
ياغ سۈركەيدىغان چوتكا، تېرە مەھسۇلاتلىرىنىڭ يۈزىگە سۈرتۈشكە ۋە پەردازلاشقا ئىشلىتىلىدىغان مەر-
گۈي ۋە سۈرتاش قاتارلىق ماتېرىيال ۋە سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

2. پىششىقلاپ ئىشلەش مەشغۇلاتى

1) تېرە ئاشلاش

ئاشلىنىدىغان خام تېرىلەر ئاۋۋال پاكىز سۈزۈك سۇغا چىلىنىپ يۇمشىتىلىدۇ. تەكرار چايقاش ئار-
قىلىق قان داغلىرى ۋە كىر ـ توپىلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن كۆپتىكى دۇشاپقا سېلىنىدۇ. دۇشاپ
تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە 20℃ تىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

مۇۋاپىق چەكتە ئاش يېگەن تېرە دۇشاپتىن چىقىرىلغاندىن كېيىن، پاكىز قۇمغا تەتۈر يۈزى تۆۋەن
قىلىنىپ يېيىلىدۇ، ئۈستىدىن پاكىز قۇمدا كۆمۈلىدۇ. مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلۇپ، سۈيى تارتىلىپ بول-
غاندا قۇمدىن چىقىرىپ قېقىۋېتىپ، يەنە قۇمغا كۆمۈلىدۇ. بۇ ھەرىكەت 2 ـ 3 قېتىم تەكرارلانغاندىن
كېيىن، تېرە قۇم ۋە دۇشاپ قالدۇقىدىن پاكىزلىنىپ يېرىم قۇرۇق ھالەتكە كېلىدۇ، ئاندىن سايە يەرگە
يېيىپ تولۇق قۇرۇتۇلىدۇ. ئاشلانغان تېرىلەر سالقىن، ھاۋا ئۆتۈشىدىغان يەردە ساقلىنىدۇ. تېرە ئارىلىق-
لىرىغا ھۆل ياغاچ غازىڭى سېلىپ قويۇلسا، كۈيە چۈشۈشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

2) تېرە ئەيلەش

تېرە ئەيلەش دېگەنلىك ئاشلانغان تېرە يۈزىنى قىرىپ ئاقارتىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئالدى بى-
لەن ئاشلىنىپ قۇرۇتۇلغان تېرىلەرنىڭ چەم يۈزى سۇ پۈركۈپ ياكى سۇدا چوتكىلاپ بىردەم قويۇلۇپ
يۇمشىتىلغاندىن كېيىن، غول سىزىقى ئاساس قىلىنىپ، تەتۈر يۈزىگە قاتلىنىپ، نەم يەردە ئۈستىدىن
تاختاي ياكى كۆتەكتە باستۇرۇپ قويۇلىدۇ. بىر سوتكىدىن كېيىن تېرە ھاۋىسى كېلىشىپ يۇمشايدۇ.

تېرە ئەيلىگەندە ئاۋۋال تېرە تۆت تەرەپكە تارتىپ سوزۇلىدۇ. بۇ ھەرىكەت «كىرىچلاش» دېيىلىدۇ.
كىرىچلانغاندىن كېيىن تەتۈر يۈزى قولدا موجۇپ ـ ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىلىدۇ ۋە غول سىزىقى ئاساس قىلى-
نىپ، تەتۈر يۈزى سىرتقا قىلىنىپ قاتلىنىپ، بويۇن قىسمىدىن چىگىدە باغلاپ تورۇستىكى قارماققا ئې-
لىنىدۇ، ئاندىن ئوڭ قولدا ئورغاق چوققىسىنى تۇتۇپ، سول قولدا تېرىنىڭ تەتۈر يۈزىنى قورۇپ تۇتۇپ
قىرغاق چىقىرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئورغاق بىسى تېرە قىرغاق يۈزىگە قويۇلۇپ، ئوڭ پۇتتا دەستىنىڭ تاپانلىق
ھالقىسىغا دەسسەپ ئورغاق تۆۋەنگە بېسىلىدۇ. مۇشۇ تەكرار ھەرىكەت ئارقىلىق تېرە تەتۈر يۈزىدىكى
گۆش، سىڭىر قالدۇقلىرى قىرىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. چىقىرىپ تاشلانغان نەرسىلەر «قىرىندى» دېيىلىدۇ.
تېرىنىڭ تەتۈر يۈزى ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتىپ تولۇق قىرىلىدۇ. بويۇن ئاستى قىسمى قىرىلىپ بول-
غاندا چىگمەكتىن بوشىتىلىپ، قۇيرۇق قىسمىدىن باغلاپ ئېسىش ئارقىلىق بويۇن قىسمى قىرىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن تېرىنىڭ تەتۈر يۈزىمۇ ئوبدان ئاقىرىدۇ. ئېلاستىكىلىقى ئاشىدۇ، قاتلاشقا، سوزۇشقا چى-
داملىق بولىدۇ[10].

ئۆي ھايۋانلىرىدىن قوي، ئۆچكە، توشقان، ئىت قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى، ياۋايى ھايۋانلاردىن
بۆرە، تۈلكە، قاما، سۈلەيسۈن، سۇغۇر، قۇندۇز، بۇلغۇن، سۆسەر، كېيىك، ياۋا توشقان قاتارلىق ھايۋانلار-
نىڭ تېرىسى ئاشلىنىپ ئەيلىنىدۇ. بۇلاردىن قوي تېرىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدۇ،
ھەرخىل باش كىيىملىرى، جۇۋا، ئىشتان، يوتقان ـ كۆرپە تىكىلىدۇ. بۆرە، تۈلكە، ئىت تېرىلىرىدىن

جۇۋا تىكىلىدۇ. قاما، سۇلەيسۇن، سۇغۇر، قۇندۇز، بۇلغۇن، سۇسەر، تۈلكە، توشقان تېرىلىرىدىن باش كىيىملىرى تىكىلىدۇ. تېرە ياقا ئىشلىنىدۇ. كېيىك تېرىسىدىن جايناماز، كۆرپە تىكىلىدۇ. ئۆچكە تېرىسىدىن يوتقان ـ كۆرپە تىكىلىدۇ.

تېرىلەر ئاشلىنىپ ئەيلەنگەندىن كېيىن، يۇزى يۇمشاپ، ئېلاستىكىلىقى ئاشىدۇ، ئاقىرىدۇ. قاتلاشقا، تارتىشقا چىداملىق بولىدۇ. تۈك ـ مويلار ۋە كىر، داغلاردىن پاكلىنىپ، تال ـ تال چېچىلىپ، كۆركەملىكى ئاشىدۇ.

تېرىدىن كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش مەشغۇلاتى تەييارلىق باسقۇچى، پىششىقلاش باسقۇچى، پەردازلاش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

1) تەييارلىق باسقۇچى

هاك ئېرىتمىسى تەييارلاش: كۆپكە بەش ئۈلۈش سۈزۈك سۇ توشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ئۈكۈتۈلگەن هاك دوغىپىدىن بىر ئۈلۈش قۇيۇلۇپ، قوچۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

شور ـ تۇز ئېرىتمىسى تەييارلاش: چوڭ ئۈلاغقا 100 ئۈلۈش سۇ، 9 ئۈلۈش شور ۋە 1 ئۈلۈش تۇز سېلىنىپ قوچۇپ ئېرىتمىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

شور ئېرىتمىسى تەييارلاش: ئۈچ ئۈلۈش شور يەتتە ئۈلۈش سۇدا قاينىتىپ ئېرىتمە قىلىنىدۇ.

شاكىراب تەييارلاش: بۇ، تۇزنى سۇدا ئېرىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان ئېرىتمە بولۇپ، قويۇقلۇقى ناهايىتى يۇقىرى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

بوياق سۇيۇقلۇقى تەييارلاش: (1) ئۆرۈك يىلتىزىنىڭ قوۋزىقى سوقىدا سوقۇلۇپ يۇمشىتىلغاندىن كېيىن قازاندا قاينىتىلىدۇ. سۇ بىلەن قوۋزاقنىڭ نىسبىتى 30 : 1 بولىدۇ. قوۋزاق ئۇۋاقلىرى ئوبدان يۇمشاپ ئېزىلگەندە بوياق تەييار بولغان هېسابلىنىدۇ ۋە ئۈلاغقا قۇيۇلىدۇ؛ ئانار مېۋىسىنىڭ پوستى سوقىدا سوقۇپ يۇمشىتىلىدۇ، ئاندىن قازاندا قاينىتىلىدۇ. نىسبىتى 10 : 1 ئۈلۈش بولىدۇ.

2) پىششىقلاپ ئىشلەش باسقۇچى

كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ئىشى تېرە تازىلاش، داسلاش، هاكسىزلاش، شورلاش، ئىسلاپ پىشۇرۇش، شورسىزلاش، رەڭ بېرىش قاتارلىق ئىش هالقىلىرى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

تېرە تازىلاش: پىششىقلىنىدىغان تېرىلەر سۈزۈك سۇ قاچىلانغان يەر سوغىسىغا بىر كۈندىن بىر هەپتىگىچە چىلاپ يۇمشىتىلىدۇ (هۆل تېرىلەر بىر كۈن ئەتراپىدا، قۇرۇق تېرىلەر بىر هەپتىگىچە چىلىنىدۇ). تېرە چالا يۇمشىغان ۋاقىتتا سوغىدىن چىقىرىلىپ، تار چۆپكە ئارتىلىپ، تەتۈر يۈزى ئورغاقتا قىرىلىپ، گۆش ـ ياغ قالدۇقلىرى، قان داغلىرى ۋە توپا يۇقۇندىلىرى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

داسلاش: داسلاش تېرىنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى قىل ـ يۇڭلارنى تازىلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇمشىتىپ تازىلانغان تېرىلەرنىڭ تەتۈر يۈزىگە هاك ئېرىتمىسى سۇۋىلىپ، قاتلىنىپ، ئاندىن كۆپتىكى هاك ئېرىتمىسىگە 15 ـ 20 كۈن چىلاپ قويۇلىدۇ. تېرىنىڭ قولتۇق مويلىرى ئاسانلا يۇلغۇدەك هالەتكە كەلگەندە كۆپتىن چىقىرىپ، تار چۆپكە ئارتىپ يۇڭ ـ تۈكلىرى ئورغاقتا قىرىپ داسلىنىدۇ.

هاكسىزلاش: داسلىنىپ بولغان تېرىلەر ئۈلاغقا قۇيۇلغان شور ـ تۇز ئېرىتمىسىگە چىلاپ ئىككى سائەت دەسسەپ چەيلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېرە هاكسىزلىنىدۇ.

شورلاش: هاكسىزلانغان تېرىلەر ئۈلاغتىن چىقىرىلىپ، شور قازىنىدىكى شور ئېرىتمىسىگە چىلىنىپ شورلاندۇرۇلىدۇ. ئېرىتمە تېمپېراتۇرىسى 30℃ ئەتراپىدا ساقلىنىدۇ.

ئىسلاپ پىشۇرۇش: ئوچاققا ئىس قويۇلغاندىن كېيىن، شورلاپ تازىلانغان تېرىلەر ئوچاق نەيزىسى ئۈستىگە ئارتىلىپ ئىسلىنىدۇ. ئىسلاش داۋامىدا تېرە يۈزىنىڭ قۇرۇغان جايلىرىغا دەرهال شاكىراپ

چىچىپ ھۆللەپ تۇرۇلىدۇ. بۇ مەشغۇلات 24 سائەت داۋاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، سايە جايغا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. تېرە يۈزى گۈللىشىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا ئىسلىنىپ بولغان ھېسابلىنىدۇ.

كۆن كەكلەش: ئىسلاپ قۇرۇتۇلغان تېرىلەر پەشكال ئۈستىگە ئارتىلىپ، تەتۈر يۈزى ئۈستىگە قىلىنىپ، قىرىپ تۈزلىنىدۇ، يەنى تېرىنىڭ بويۇن، غول، ساغرا قىسىملىرىدىكى ئالاھىدە قېلىن جايلىرى چاك كەكىسىدە تەتۈر يۈزى تەرەپتىن ئېھتىيات بىلەن قىرىپ - شىلىنىپ، تېرىنىڭ قېلىنلىقى ئاساسەن تەكشى ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، تۈرلۈك بۇيۇملارنى ئىشلەشكە لايىقلاشتۇرۇلىدۇ.

شورسىزلاش: كەكلەپ بولۇنغان تېرىلەر پاكىز ئىسسىق سۇ تولدۇرۇلغان ئۇلاغقا چىلاپ چەيلىنىدۇ. 3 ـ 4 قېتىم پاكىز سۇ يەڭگۈشلەش ۋە ھەر قېتىمدا چەيلەپ چايقاش نەتىجىسىدە، تېرە شورسىزلىنىدۇ ۋە ئىس قايتىدۇ.

رەڭ بېرىش: شورسىزلاندۇرۇلغان تېرىلەر ئۈرۈك يىلتىزىنىڭ قوۋزاق قايناتمىسى قويۇلغان ئۇلاغقا يېرىم سائەت چىلىنىدۇ، ئاندىن بوياقتىن چىقىرىلىپ، سايە يەرگە يېيىلىدۇ ۋە پات ـ پات قېقىپ، ئۇرۇن يۆتكەپ قۇرۇتۇلىدۇ. بۇ ئاخىرقى مەشغۇلات ئارقىلىق تېرىلەر تەگلىك رەڭگە، يەنى ئاچ كاۋا چېچەكى يالىكى مېغىز رەڭگە كىرىدۇ[⑤].

3) پەردازلاش باسقۇچى

پەردازلاش ئىشى ۋاستىچى بوياق بېرىش ۋە پارقىرىتىش مەشغۇلاتى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

ۋاستىچى بوياق بېرىش: ئانار پوستى قايناتمىسى چوتكا ياكى پىلتىكۆچتە تەگلىك رەڭ بېرىلگەن تېرىنىڭ ئوڭ يۈزىگە تەكشى سۈركىلىدۇ. بۇنداق ۋاستىچى بوياق بېرىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ۋاستىچى بوياق بېرىلگەن تېرە ئىنچىكە پىششىقلىغاندا (مەسىلەن، قارا، خورما رەڭلەرگە كىرگۈزۈشكە توغرا كەلگەندە) بوياقنى ياخشى ئالىدۇ. رەڭ تۇتۇشى ياخشى بولىدۇ، ۋاستىچى بوياق بېرىلمىسە، ئىككىلەمچى بوياقنى ئالمايدۇ ياكى تولۇق ۋە تەكشى ئالمايدۇ، ئاسان ئۆڭۈپ كېتىدۇ.

پارقىرىتىش: بۇ، كۆنچىلىكتىكى ئاخىرقى مەشغۇلات بولۇپ، ئاۋۋال سۇ يېغى چۈچۈتۈلۈپ، تېرىنىڭ ئوڭ يۈزىگە چوتكىدا سۈركىلىدۇ، تەتۈر يۈزىگە پۈركۈپ چېچىلىدۇ. ياغ تېرىگە بىر ئاز سىڭگەندىن كېيىن، تېرە پەشكال ئۈستىگە قويۇلۇپ، مۇرگۈي ياكى سۇر تاشتا كۈچەپ سۈرۈپ سىلىقلىنىدۇ. ھەر ئىككى يۈزى تولۇق ۋە تەكشى سۈرۈلۈش نەتىجىسىدە تېرە چىڭدىلىدۇ، يۈزىدىكى مۇدۇر ـ چوقۇرلار تۈزلىنىپ پارقىرايدۇ، ئاندىن قاتلاپ ياكى كېسىپ قاچىلىنىدۇ.

بۇ ئۇسۇل بويىچە پىششىقلانغان تېرىلەردىن چوڭ ھايۋان تېرىلىرى كۆن بولىدۇ. قوي ـ ئۆچكە تېرىلىرى خۇرۇم بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار كۆنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشتىكى ئومۇمىي مەشغۇلات قائىدىسى بولسىمۇ، لېكىن بەزى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مەشغۇلات قائىدىسى بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ.

چەم ياساش: چەم ياساشقا ھەم چوڭ، ھەم سېمىز بولغان قوتاز، تۆگە، كالا تېرىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. ھاكسىزلاشقىچە بولغان مەشغۇلات قائىدىسى كۆن ياساشنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ. ھاكسىزلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تېرىلەر شورلانماستىن تېرە يۈزىگە سوقۇپ تەييارلانغان تاشتۇز سېپىلىدۇ، ئاندىن تېرە ئىس ئوچىقىغا ئارتىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئىسلىنىش داۋامىدا تېرىنىڭ قۇرۇغان جايلىرىغا شاكىراب چېچىپ تۇرۇلىدۇ. قايتا ـ قايتا ئىسلاش ۋە قايتا ـ قايتا شاكىراب چېچىش ئارقىلىق تېرە تەدرىجىي قۇرۇپ قاتىدۇ ۋە ئېلاستىك ھالەتكە كېلىدۇ. تېرە يۈزى بىر ئاز سارغىيىپ پىشىدۇ، ئاندىن ئۈرۈك يىلتىزى قوۋزىقىنىڭ قايناتمىسىغا بىر سائەت ئەتراپىدا چىلاپ چەيلىنىدۇ. چىلاپ چەيلىنىش داۋامىدا، بىر تەرەپتىن تېرىنىڭ تۈزى يانىدۇ، بىر تەرەپتىن تەگلىك رەڭ ئېلىپ، ئاچ كاۋا چېچەكى رەڭگە كىرىدۇ. قوۋزاق سۈيە-

ـدىن ئېلىنغاندىن كېيىن يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئاخىرىدا قۇرۇپ قاتقان تېرە يۈزىگە ھاۋا سېلىپ دۇملەپ يۇمشىتىلىدۇ ۋە پەشكالىغا ئارتىپ چاڭ كەكىسى سېلىپ ھەمدە قول ئىشى ئارقىلىق ھەممە تەرەپتىن كۆچەپ سوزۇپ تەكشى ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاساسەن قۇرۇغاندا كېسىپ قاچىلىنىدۇ.

خورۇم: قوي، ئۆچكە تېرىلىرى ئومۇمىي قائىدە بويىچە پىششىقلانغاندىن كېيىن، تەگلىك رەڭ بېرىش باسقۇچىغا كەلگەندە، ئۇدا ئۈچ قېتىم تەگلىك رەڭگە (قوۋزاق سۈيىگە) سېلىنىدۇ. شۇڭا، تەگلىك رېڭى توق، تېرىسى يۇمشاق، يۈزى گۈللۈك، پارقىراقلىقى يۇقىرى بولىدۇ.

ياغ تاسما: ئىسلانمايدۇ، تەگلىك بوياققا سېلىنمايدۇ. شورلىنىپ بولغاندىن كېيىن سۈيى بىر ئاز قاچۇرۇلۇپ قازاندا ئىسسىتىلغان سۇ يېغىغا چىلىنىدۇ. ياغنى سۈمۈرۈپ بولغاندا يېيىپ قۇرۇتىلىدۇ.

مىشە، ئاق لەيكە: پىششىقلاش ئۇسۇلى كۆن پىششىقلاشنىڭكىگە ئوخشاش، ئەمما تەگلىك بوياققا سېلىنمايدۇ. تەييار مەھسۇلات ئاق ياكى ئاچ كۆككە مايىل ئاق بولىدۇ.

مۇقاۋىلىق كۆن ـ خورۇم: مۇقاۋىلىق كۆن ـ خورۇمنىڭ مۇتلەق پاكىز بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، تېرە تازىلاشتا يەر سوغىسىغا چىلانماي، ئارغامچىدا باغلىنىپ، ئېقىن سۇغا بىر نەچچە كۈن چىلىنىپ تازىلىنىدۇ. پىششىقلاش داۋامىدا باشقا تېرىلەر (بولۇپمۇ گۆشى ھارام ھېسابلىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى بىلەن) ئارىلاشتۇرماي ئايرىم پىششىقلىنىدۇ. قالغان ئىش تەرتىپلىرى كۆن ـ خورۇم ئىشلەشنىڭكىگە ئوخشىشىدۇ[10].

يۇقىرىقى تەپسىلاتلاردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ تارىختىكى ئەجدادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۇزاق ئەسىرلەر داۋام ئېتىپ كەلگەن كۆنچىلىك ھۈنەر ـ كەسپى تالاي ئەسىرلەردىن بويان ئەجداد ـ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىنىپ، راۋاجلاندۇرۇلۇپ ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن. بۇ ئۇزاق جەريانغا تويۇنلىگەن كۆنچى ئەجدادلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، نەتىجىلىك ياكى نەتىجىسىز تەجرىبىلىرى، ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسى ۋە ماھارەتلىرى سىڭگەن. شۇڭا كۆنچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئەجدادلاردىن مىراس قالغان قەدىمىي كەسپنى ئۇزۇپ قويماسلىقىمىز، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە قەدىرلەپ، زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشىمىز زۆرۈر.

ئىزاھاتلار:

①②⑦⑧ مامۇت قۇربان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كۆنچىلىكى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2013 ـ يىللىق 1 ـ سان، 61 ـــ 66 ـ بەتلەر.

③④⑤⑥⑬ ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 218 ـ، 219 ـ، 290 ـ بەتلەر.

⑨ يۇ تيەنخېڭ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 131 ـ بەت.

⑩⑪⑫ شېپ (ئامېرىكا): «تاڭ دەۋرىدە سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەتلەر»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 241 ـ، 243 ـ، 244 ـ بەتلەر.

⑭⑯ لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 87 ـ، 92 ـ بەتلەر.

⑮⑰⑱⑲⑳ مامۇت قۇربان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كۆنچىلىكى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2013 ـ يىللىق 1 ـ سان 61 ـ، 66 ـ بەتلەر.

㉑ ئابدۇقېييۇم خوجا: «نىيە خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىللىق 2 ـــ 3 ـ قوشما سانىنىڭ 51 ـ، 81 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىگە قاراڭ.

㉒ «شىنجاڭنىڭ نىيە خارابىسىدىكى MN195 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى M8 نى قازغانلىق توغرىسىدا قىسقا خەۋەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 2000 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 75 -، 97 - بەتلەر.

㉓ ئەخمەت رىشىت: «سانپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1985 - يىللىق 1 - سان 131 — 144 - بەتلەر.

㉔ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 31 - بەت.

㉕ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 2007 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 52 - بەت.

㉖ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2004 - يىللىق 1 - سان، 62 - بەت.

㉗ ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى گۇمۇگۇ (ئۆردەكلىك) قەبرىستانلىقىنى قېزىش ۋە دەسلەپكى تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1983 - يىللىق 1 - سان.

㉘ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، 72 - بەت، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى 8 - ئاي، 1 - نەشرى.

㉙ ئىسراپىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، 12 - 13 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى 6 - ئاي، 1 - نەشرى.

⑮⑯⑰㉚ «شىنجاڭ لوپنۇردىكى يىڭپەن قەبرىستانلىقىنى 1995 - يىلدىكى قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 2003 - يىللىق 3 - سان، 14 - 45 - بەتلىرىدە، بۇنىڭ داۋامى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2003 - يىللىق 4 - سان، 1 - 28 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

㉛ « 2003 - يىلى لوپنۇر رايونىدىكى قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 2009 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان 1 -، 78 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

㉜ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، 22 - بەت، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى 8 - ئاي، 1 - نەشرى.

㉝ ئىسراپىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، 12 - 13 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى 6 - ئاي، 1 - نەشرى.

㉞ مۇھەممەدئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، 371 -، 372 -، 373 - بەتلىرىدىن ئېلىندى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002 - يىلى 10 - ئاي، 1 - نەشرى.

㉟㊱ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 367 -، 370 - بەتلىرىدىن ئېلىندى.

(ئاپتور جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدا)



ۋىليام كلارك (ئامېرىكا ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى)

# قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە يىگىت بېشىنىڭ رولى

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇقەددەس ئابدۇكېرىم

## كىرىش سۆز

قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە «يىگىت بېشى» (ئەدەبىي مەنىسى: ياش ئەرلەرنىڭ باشلىقى) مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. خۇددى ھەر قايسى مەھەللىلەر ئوخشاش بولمىغاندەك، ئۆز مەھەللىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يىگىت بېشىلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، ئالمۇتاغا جايلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ توپ تارقىتىش بازىرىنىڭ يېنىدىكى زارىئا ۋوستوكا رايونىدىلا يىگىرمىدىن ئارتۇق يىگىت بېشى بار. بۇ مەھەللىدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇر ئائىلىلىرى تېخى يېقىندىلا يېزىلاردىن خىزمەت تېپىش ئۈچۈن كۆچۈپ كەلگەن. ئەكسىچە، ئالمۇتانىڭ شەرقىدىن ئىككى سائەتلىك يول يىراقلىقىغا جايلاشقان مالاباي دېگەن بەش مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر يېزىسىدا بولسا بەكېرەمجان ئىسىملىك 75 ياشلىق بىرلا كىشى چوڭ يىگىت بېشىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بەكېرەمجان قوشۇمچە يەنە تۆت ياشراق ئەر كىشىنى ئۆز يېزىسىنىڭ ئوخشىمىغان مەھەللىلىرىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قوبۇل قىلغان. گەرچە بۇ يىگىت بېشىلىرى دۇچ كەلگەن تەبىئىي مۇھىت چوڭ پەرقلەنسىمۇ، ئەمما يىگىت بېشىلىرىنىڭ ئۆز مەھەللىلىرىدە ئوينىغان روللىرىدا نۇرغۇنلىغان ئوخشاشلىقلار بار.

## تارىخى ۋە ھازىرقى روللىرى

«يىگىت بېشى» دېگەن بۇ ئىبارىنىڭ كېلىش مەنبەسى «مەشرەپ»كە تۇتىشىدۇ. مەشرەپ پەقەتلا ئەرلەرنىڭ يىغىلىدىغان يىغىلىشى بولۇپ، بۇ يىغىلىشتا ئوخشاش ياشتىكى ئەرلەر، كۆپىنچە ئوتتۇز ئوغۇل دەپ ئاتىلىدىغان ئوتتۇز يىگىت يىغىلىپ بىرلىكتە تاماق يەيدۇ، ئۆزئارا چاقچاق قىلىشىپ، ھېكايىلەرنى ئاڭلايدۇ، ئەنئەنىۋى مۇزىكىلاردىن ھوزۇرلىنىدۇ ھەمدە بىر سۈنئىي سوت مەيدانىنى تەشكىللەپ، مەشرەپ ئەزالىرى ئۈچۈن ئادالەتنى ياقىلايدۇ. شون روبېرىستىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدە

مەشرەپنىڭ 1991 ـ يىلىدىن كېيىن قازاقىستاندا قايتا گۈللىنىشتىن بەھرىلىنىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئۆزبېكلەر يەنىلا «يىگىت بېشى» دېگەن بۇ ئىبارىنى ئۆزلىرىنىڭ پەقەتلا ئەرلەر يىغىلىدىغان يىغىلىشلىرىغا ئىشلىتىدۇ، بۇ ئىبارە پەقەت ياشلارغا ئىشلىتىلىشكە رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرا ياشلىق ياكى ياشانغانلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەمما، ھازىر قازاقىستاندا «يىگىت بېشى» دېگەن بۇ ئىبارە «ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلغان باشلىقى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، 70 ۋە 80 ياشلاردىكى ئەرلەرمۇ بۇ نام بىلەن ئاتالسا بولىدۇ. بۇ خىل مەشرەپ بەلكىم قازاقىستاندىلا مەۋجۇت مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئادەتتە، بىر كىشى ھاكىم، يەنى يېزا ياكى رايون دەرىجىسىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنغان بىر دېموكراتىك جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن يىگىت بېشى بولالايدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا، تاللانغان كىشى باشلىق تەرىپىدىن تەربىيەلىنىدۇ، ئەمما ئاخىرىدا يەنىلا شۇ يېزا ياكى رايوندىكى كۆپ قىسىم ئەرلەرنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشىشى لازىم. بىر رايوننىڭ يىگىت بېشى بىر يىل ئىچىدە تۆت ـ بەش قېتىم ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلىپ، بەزى ئالاقىدار ھۆكۈمەت ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ ھەمدە ئۆز رايونىدىكى كىشىلەرگە بۇ ئۇچۇرلارنى تارقىتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئادەتتە يىگىت بېشىنىڭ بېكىتىلگەن خىزمەت ۋاقتى بولمايدۇ. گەرچە، بەزى ئەرلەر يىگىرمە يىلدىن كېيىنمۇ يەنىلا خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىۋەرسىمۇ، لېكىن بەزى ئەرلەر پەقەت بىر نەچچە يىللا خىزمەت قىلىپ توختاپ قالىدۇ.

يىگىت بېشىغا مائاش بېرىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇچۇن بۇ ئورۇننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھېچقانداق جەلپ قىلىش كۈچى بولمايدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا ئەرلەر مەھەللىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنى رەت قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئەسلا كۆتۈرەلمەيدۇ. مەن زىيارەت قىلغان بىر نەچچە يىگىت بېشى بولسا بۇ ۋەزىپىنى پەقەت پېنسىيەگە چىقىپ، ھۆكۈمەتتىن پېنسىيە مائاشى ئالغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۈستىگە ئالغان. يىگىت بېشى بولۇپ تاللىنىش تولىمۇ شەرەپلىك بىر ئىش بولۇپ، يىگىت بېشى مەھمۇد ئۆز تەڭتۇشلىرى تەرىپىدىن يىگىت بېشى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ھېس قىلغان پەخىرلىك تۇيغۇسىنى ھازىرغىچە ئېسىدىن چىقارمىدى. ئۇ يىگىت بېشى بولۇپ سايلانغان شۇ دەقىقىدە مەھەللىسى ئۇچۇن يىگىت بېشىلىق رولىنى ياخشى ئۆتەپ خىزمەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا «ماقۇل» دەپ ۋەدە بەردى. مەھمۇد ھەقىقەتەنمۇ ۋەدىسىدە تۇردى، ئۇ بۇ ۋەزىپىنى يىگىرمە يىلغا يېقىن ئۆتىدى.

يىگىت بېشىنىڭ ۋەزىپىلىرى بولسا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ توي، خەتنە ۋە نەزىرگە ئوخشاش ئۆمۈر مۇراسىملىرىنى تەشكىللەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تويلاردا تويى بولىدىغان يىگىتنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئاۋۋال ئەلچىلىك رولىنى ئوينايدىغان يىگىت بېشىنىڭ ياكى ئوتتۇرىدىكى كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قىزنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ توي قىلىشقا رۇخسەت ئالىدۇ. يىگىت بېشى ئادەتتە مەسچىتنىڭ ئىمامىغا ئوخشاش بۇ ئىشنىڭ جەريانلىرىنى بىلمەيدىغان بىر تۆرە بىلەن بىللە بارىدۇ. بەزىدە قىزنىڭ ئائىلىسى قوشۇلمايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن بۇ جەريانلار توختاپ قالىدۇ. ئەگەر قىزنىڭ ئائىلىسى قوشۇلسا، بۇ چاغدا بىر مەسلىھەت چاي ياكى تەييارلىق چاي ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئادەتتە بۇ چايدا ئىككى ياشنىڭ بىرلىشىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. سوۋېت زامانلىرىدا، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىكى تويىنىڭ باھاسى دائىم دېگۈدەك تۇراقسىز بولۇپ، يىگىت بېشى توي باھاسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، توي باھاسىنىڭ بەك ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

يىگىت بېشىنىڭ ئىككىنچى رولى بولسا، بىر كىشى قازا قىلىپ 24 سائەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلـ

دىغان، ئاندىن يەنە شۇ كىشى قازا قىلىپ ئۈچىنچى كۈنى، يەتتىنچى كۈنى، قىرىقىنچى كۈنى ھەمدە يېرىم يىللىقى ۋە بىر يىللىقى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان «نەزىر» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆلۈم مۇراسىمى ياكى ئەسلەش مۇراسىمىنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىنى تەشكىللەشكە ياردەملىشىشتۇر. بىر مەھەللىدە بىر كىشى قازا قىلغاندىن كېيىن، يىگىت بېشى مۇراسىمنىڭ ئىقتىساد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىنى تەشكىللەيدۇ ھەمدە شۇ ھازا تۇتقان ئائىلە تۇنجى ھەپتە موھتاج بولىدىغان ياردەمنى توپلاشقا مەسئۇل بولىدۇ. توي ۋە نەزىر مۇراسىملىرىدا بولسا، يىگىت بېشى مەسچىت مەسئۇللىرى بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ مەھەللە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەمما، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالغاندا، كىشىلەر دىنىي خىزمەتلەر ئۈچۈن ھەق تۆلەشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، يىگىت بېشىلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھەق تۆلىمەيدۇ. ئەگەر، بىر يىگىت بېشى بىر توي تەشكىللەشكە يىگىرمە سائەت ۋاقىت چىقىرىپ ياردەملەشكەن، بىر موللا توي ئۈچۈن پەقەت بەش سائەت ۋاقىت سەرپ قىلغان بولسىمۇ، شۇ ئائىلە يەنىلا موللامغا ھەق تۆلەپ، يىگىت بېشىغا ھەق تۆلىمەيدۇ.

يىگىت بېشىنىڭ ئۈچىنچى ۋەزىپىسى بولسا، ئەر ـ ئاياللار ھەمدە قازاق ۋە ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئوخشاش چوڭ گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتۇر. مەھمۇد ئالمۇتانىڭ شەھەر سىرتىدىكى ھەم ئۇيغۇر ھەم قازاق مىللىتى جايلاشقان بىر يەرنىڭ يىگىت بېشى بولۇپ، ئۇ بىر يەرلىك دىسكوخانىدىن ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر تەرىپىدىن ئويغىتىۋېتىلگەن بىر كېچىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «يەرلىك دىسكوخانىدا بىر قازاق يىگىت بىر ئۇيغۇر قىزى بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بولۇپ، بۇنى كۆرگەن شۇ مەيداندىكى ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قازاق يىگىت بىلەن جېدەللەشكەن. ئىككى مىللەت يىگىتلىرى شۇ كۈنى ئاخشىمى كۆرۈشۈپ بىر پۈتۈن قوراللىق توقۇنۇش بىلەن ئارىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشنى قارار قىلغان. ئىككىلا گۇرۇپپىدا ئىككى يۈز نەپەر قوراللانغان يىگىت بولۇپ، چوڭ ماجىرا باشلىنىشتىن بۇرۇن بىر ئېغىر ـ بېسىق كىشى مەھمۇدنىڭ ئۆيىگە بىر ماشىنا ئەۋەتكەن. مەھمۇد دەرھال مەيدانغا كېلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىگە مۇنداق دېگەن: ‹توختاش، بولمىسا ساقچى چاقىرىمەن.› ئاندىن ئۇ يەنە ئۇلارغا: ‹سىلەر قانۇنمۇ ياكى سوتچىمۇ؟› دېگەن سوئالنى قويغان. شۇ ۋاقىتتا، ساقچىلار بىر ئاپتوبۇستا نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەن، ئەمما مەھمۇد ساقچىلارغا: ‹ناۋادا سىلەر بىرەرنى قولغا ئالساڭلار، ئۇنداقتا ئەتىسى چوقۇم بىر قالايمىقانچىلىق توغۇلىدۇ.› دەپ، كوماندىرنى ھېچكىمنى تۇتماسلىققا قايىل قىلغان. كېيىن، ئۇ ئۇيغۇر قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ گەپ قىلغان، ئارقىدىن مەھمۇد يەنە بۇ ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا سەۋەب بولغان قازاق يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارغان. يىگىتنىڭ دادىسى ئوغلىغا تەربىيە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن جېدەل بېسىققان.

يىگىت بېشىنىڭ تۆتىنچى ۋەزىپىسى بولسا قارلار ئېرىپ بولغاندىن كېيىن مەھەللىلەرنى تازىلاشقا كۈچ تەشكىللەش. ئادەتتە بۇ يېزا رايونلىرىدا بەكرەك ئومۇملاشقان. ھەر بىر كوچىدا بىردىن مەھەللىگە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنى ۋە تازىلىقنى تەشكىللەيدىغان كومىتېتى بولىدۇ.

يىگىت بېشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپىسى بولسا، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىجتىمائىي سورۇنلاردا مەھەللىلەرگە ۋەكىل بولۇش. يېزىلاردا بولسا يىگىت بېشى دائىم ئوقۇش باشلىنغان تۇنجى كۈنى مەكتەپلەردە ۋە باشقا سورۇنلاردا نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە چاقىرىلىدۇ. سوۋېت زامانىدىن قالغان مۇھىم بايراملاردا يىگىت بېشىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشىغا موھتاج بولغان سورۇنلار بولىدۇ. مەسىلەن، ئەڭ ئاخىرقى «9 ـ ماي سەپتىن چېكىنگەن جەڭچىلەر بايرىمى»، يەنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 60 ـ قېتىملىقىدا، ئۇيغۇر ۋە قازاق رايونلىرى شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان كونا ئەسكەرلەرنى پۇل بىلەن مۇكاپاتلىغان ھەمدە بىر ئالاھىدە يىغىلىش بىلەن ئۇلارنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغان.

قوشۇمچە:

1) يىگىت بېشىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئۇيغۇر مىللىتى گورۇپپىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ باشقا تۈركىي خەلقلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەر بىلەن ئورتاق ياشاۋاتقان رايونلاردا بولسا، يىگىت بېشىلىرى دائىم قوشنىلىرىنىڭ ئۆمۈر مۇراسىملىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولغان. ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن يىگىت بېشى مەھمۇد بىر نورمىدىن ئارتۇق زەھەر ئىستېمال قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ قالغان چېچېن قوشنىسىنىڭ نەزىر مۇراسىمىنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغا مەسئۇل بولغان. شۇ مەھەللىدىكى ھەتتا ئۇنلىغان چېچېن ئائىلىلىرىنىڭ نەزىر مۇراسىملىرىغا ئۇيغۇر يىگىت بېشى مەسئۇل بولغان.

2) باشقا كۆپ مىللەتلىك مۇسۇلمان رايونلىرىدا بولسا، يىگىت بېشىنىڭ ئوينىغان رولىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغانلىق سەۋەبىدىن باشقا خەلقلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ يىگىت بېشىنى سايلاپ چىقىپ، ئۇلارنى ھۆكۈمەت ۋە باشقا ئاھالىلىكلەر تۈرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن خىزمەتكە سالغان. ئىككى خىل ئاھالىلىكلەر قوشنا بولۇپ ياشاۋاتقان يېزا رايونلىرىدا بولسا قازاق يىگىت بېشىلىرى مەۋجۇت بولغان.

3) قازاقىستاندىكى «يىگىت بېشى»دىن ئىبارەت ئادەمنى تولىمۇ جەلپ قىلىدىغان ئۇشبۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يەنە نۇرغۇن ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىدىغان تەرەپلىرى بار. شۇ سەۋەبتىن، مەن باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭمۇ بۇ دەسلەپكى ئومۇمىي چۈشەنچىگە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇش پۇرسىتىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىرانتى)



خەن ۋۇچۇ (كورېيە)

# قەدىمكى كورېيەچىدىكى تۈركىچە سۆزلەر

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەقسۇد سېلىم

كورېيەچە بىلەن تۈركىي تىللار ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇ كۆزقاراشلارنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلەشكە بولىدۇ: موڭغۇلچە، تۈركىي تىللىرى ۋە مانجۇ - تۇنگۇسچە بىر - بىرىگە ئەڭ يېقىن تىللار ھېسابلىنىپ، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ، كورېيەچىنىڭمۇ بۇ سىستېمىغا تەۋە بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى چوڭ.

كورېيەچىنى ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلغان غەرب ئالىملىرى رامۇستېد (Ramustedt) ۋە پوپپې (Poppe) دۇر. بۇ ئىككى تەتقىقاتچىنىڭ بۇ تېما توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى بىر ئاز پەرقلىق. رامۇستېد كورېيەچە بىلەن باشقا ئالتاي تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى يىلتىزداشلىق مۇناسىۋەتنى توغرىسىدا توختالغاندا، كورېيەچىنى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللارغا يېقىن بىر تىل دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان پوپپې، كورېيەچىنىڭ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى ئورنى ھەققىدە بەزى گۇمانلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، كورېيەچىنىڭ ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى بىر تىل بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى چوڭ، ئەگەر كورېيەچە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ئىچىدىكى بىر تىل بولسا، بۇ سىستېمىدىن ئەڭ بۇرۇن ئايرىلىپ چىققان بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كورېيەچە ئالتاي تىللىرىدىكى باشقا تىللاردىن خېلى كۆپ پەرقلىنىدۇ.

مېنىڭ بۇ تېما ھەققىدىكى كۆزقارىشىم بولسا: كورېيەچە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ ۋە ئالتاي تىللىرى ئىچىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە ئەڭ يېقىن. ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ سىرتىدا، پەقەت مېنىڭ تەتقىقاتلىرىمنىڭ نەتىجىسىگىلا قارىغاندا، كورېيەچە بىلەن تۈركىي تىللار ئارىسىدا 180 گە يېقىن يېڭى ئورتاق سۆز ۋە 90 گە يېقىن ئورتاق قوشۇمچە بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئورتاق ئېلېمېنتلارنىڭ كۆپچىلىكى پەقەت تۈركىي تىللار بىلەن كورېيەچىدىلا ئەمەس، بەلكى موڭغۇلچە ۋە مانجۇ - تۇنگۇس تىللىرىدەك ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى باشقا تىللاردىمۇ مەۋجۇت. ئورتاق سۆزلەرنى بىر تەرەپكە قويۇپ تۇرايلى، مەن بايقىغان ئېلېمېنتلار تۆۋەندىكىچە: 37 ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە، 14 پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە، 9 ھال قوشۇمچىسى، 8 ئالماش، 5 سوپەتداش، 12 رەۋىشداش، 2 كۆپلۈك قوشۇمچىسى.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركىي تىللار بىلەن كورېيەچە ئارىسىدا نۇرغۇن ئۆزتۈشمە سۆزلەر بار بولۇپ، تۈركىي تىللاردىن كورېيەچىگە كىرگەن خېلى كۆپ كىرمە سۆز بار. تۈركىي تىللاردىن كورېيەچىگە كىرگەن سۆزلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشىمىغان ئىككى تارىخىي دەۋردە قوبۇل قىلىنغان. بىرىنچىسى، دەس-

لەپكى كورېيە دۆلىتى قۇرۇلغان ۋە تەرەققىي قىلغان دەۋرى، تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە قوبۇل قىلىنغان؛ ئىككىنچىسى بولسا، مىلادىيە 13 - ئەسىردە موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقى كورېيەنى ئىدارە قىلغان مەزگىللەردە موڭغۇلچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن قوبۇل قىلىنغان.

مەلۇم بولغىنىدەك، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە كورېيەنىڭ دەسلەپكى دۆلىتى بولغان كوجوسون بىلەن ئىپتىدائىي تۈركلەر ھېسابلىنىدىغان ھونلار ئارىسىدا جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن زىچ مۇناسىۋەت بولغان. بۇ مەزگىلدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە كورېيەچە بىلەن تۈركىي تىللار ئارىسىدا مەدەنىيەت ھەم سۆز بايلىقى جەھەتلەردە ئۆزتۈشۈشلەر بولغان. كورېيە دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تۈركىي تىللاردىن كورېيەچىگە كىرگەن سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) Ori «ئۆردەك»: ئوتتۇرا كورېيەچىدە [orh] ۋە [orhi] دىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بار ئىدى. بۇ سۆزلەردىكى /h/ كېيىن قوشۇلۇپ قالغان ئۈزۈك تاۋۇشتۇر. [orhi] شەكلىنىڭ ئاخىرىدىكى /i/ سوزۇق تاۋۇشى بولسا، كورېيەچىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىدۇر. ھازىرقى زامان كورېيەچىدە بولسا /ori/ شەكلىدە. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ سۆز ياقۇتچىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بولۇپ، /ö:r/ شەكلىدە ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا /ördek/ «ئۆردەك» كەلىمىسى بار ئىدى. كلاۋسېن (Clauson) بۇ سۆزنىڭ /ör-/ «ئېگىز يەرگە چىقماق» پېئىلى بىلەن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە /-dek/ تىن ئىبارەت ئىككى ئايرىم مورفېمىنىڭ قوشۇلۇشىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، تۈركىي تىللاردا /-dek/ شەكلىدە ئىسىمدىن ئىسىم ياسايدىغان قوشۇمچە يوق ئىدى. مېنىڭچە بۇ سۆز، تۈركچىدىكى /ör/ بىلەن باشقا بىر تىلدىن كىرگەن /-dek/ سۆزىدىن تۈزۈلگەن ۋە جۈپ سۆز بولۇپ قوللىنىلغان.

(2) turumi «تۇرنا»: بۇ سۆز قەدىمكى تۈركچىدىن كورېيەچىگە كىرگەن. قەدىمكى تۈركچىدە /turnaya/، ئوتتۇرا تۈركچىدە /turna/ شەكلىدە ئىدى. قىپچاقچە، كۇمانچە، ئوسمانلىچەدەك تارىخىي تۈركىي تىللاردىمۇ ئوخشاش شەكىلدە ئۇچرايدۇ. ئەزەرىچە ۋە تۈركمەنچىدە بولسا /durna/ شەكلىدىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، ياقۇتچىدا بۇ سۆز /turuya/ شەكلىدىدۇر، بۇ شەكىل تۇنگۇسچىدىمۇ ئۇچرايدۇ: ئېۋېنكى تىلىدا /Turuya/ بۇ سۆز ياپونچىغا /turu/ شەكلىدە قوبۇل قىلىنغان.

(3) bora «قار بورىنى»: كورېيەچىدە بۇ سۆز پەقەت nunbora «قار بورىنى» /nun/ (قار) سۆزىدە ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز تۈنجى قېتىم ئورقۇن تۈركچىسىدە /bor/ «قار بورىنى، شىددەتلىك يامغۇر» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. چاغاتايچىدا /borağ an/ شەكلىدە بولۇپ، موڭغۇلچىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۈگۈنكى تۈركىي تىللاردىمۇ بۇ سۆز بار، تۈركمەنچىدە /bo:ran/؛ قازاقچىدا /boran/؛ تۇۋاچىدا /bora:n/؛ تاتارچىدا /buran/ بولارنىڭ ھەممىسى موڭغۇلچىدىن كەلگەن. قىزىقارلىق يېرى، ئاناتولىيە تۈركچىسىدە /bora/ شەكلى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ ۋە بۇ شەكىل قەدىمكى تۈركچىدىكى /bor/ سۆزىنىڭ ئاخىرىغا بىر سوزۇق تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاناتولىيە تۈركچىسىدە موڭغۇلچىدىن قوبۇل قىلىنغان /boran/ شەكلىمۇ بار. بۇ سۆز موڭغۇلچىدا ۋە تۇنگۇسچىدىمۇ بار. موڭغۇلچە /borog an/ «يامغۇر»، لامچىدا /burkun/ «قار بورىنى، شىۋىرغان»، ئېۋېنكى تىلىدا /burkan/ بۇ سۆز ياقۇتچىدىن ئېۋېنكىچىگە كىرگەن؛ ياقۇتچە /burxa:n/ «قار بورىنى». پوپپىنىڭ قارىشىچە، موڭغۇلچە /borog an/، /buru ğan/ دىن كەلگەن. پوپپى بۇ سۆزنى تۈركىي تىللاردىكى /bur-/ پېئىلىغا باغلايدۇ. پوپپىنىڭ بۇ قارىشى توغرا ئەمەس، چۈنكى قازاقچە ۋە قىرغىزچىدا موڭغۇلچىدىن كىرگەن /boran/ سۆزىنىڭ ئورنىدا /bora-/ پېئىلى بار، بۇ پېئىل ئىسىم /bor/ بىلەن ئىسىمدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە /-a/ نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان.

(4) cokha «جىيەن»: ھازىرغىچە مەلۇم بولغىنىغا ئاساسلانغاندا، بۇ سۆز موڭغۇلچە ۋە مانجۇ - تۇنـ-گۇس تىللىرىدا بار، پەقەت ئۇرقۇن تۈركچىسىـــدە /çı qan/ شەكلىدە مەۋجۇت ئىدى.

(5) tonga «توم، چىلىك ئارغامچا»: بۇ يالغۇز /tongacur/ «توم، چىلىك ئارغامچا» سۆزىدە مەۋجۇت. قەـ-دىمكى ۋە ئوتتۇرا دەۋر تۈركچىسىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دىۋانىدا «يولۋاس»، كلاۋسېندا «قەھرىمان»، ئىبنۇ مۇھەننادا بولسا «كۈچلۈك» مەنىسىدە ئىزاھلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ سۆز خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ /d'ung–nga/ شەكلىدە ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزنىڭ مانجۇ - تۇنگۇس تىللىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن كورېيەچىگە كىرىش ئېھتىمالى چوڭ.

(6) wərі «چوڭ ئىت»: بۇ سۆز كورېيەنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا قوللىنىلىدۇ. بۇ قەدىمكى تۈركـ-چىدىكى /böri/ «بۆرە» بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تۈركچىدىن كورېيەچىگە ھەتتا يەنسەي ۋە رۇس تىللىرىـ-غىمۇ قوبۇل قىلىنغان.

(7) tosksuri «بۈركۈت»: كورېيەچىدە بۇ سۆزدىن باشقا يەنە «بۈركۈتنىڭ بىر تۈرى»نى بىلدۈرىدىغان ۋە /suri/ بىلەن ياسالغان ئىككى سۆز بار: ‹بۈركۈت suri+mae) ۋە (قۇش suri+sae). ئۇنىڭدىن باشقا، مەنىسى ئېنىق بولمىغان /suri/ يالغۇز ھالدا قوللىنىلمايدۇ. بۇ سۆزلەر ئىچىدە پەقەت /toksuri/ سۆزىـ-نىڭ /tok/ ۋە /suri/ دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقانلىقىنىلا بىلىمىز. كورېيەچە /tok/ سۆزى تۈركىي تىللاردىكى «بۈركۈت» مەنىسىدىكى (tok+kan) toğ an سۆزىدە بار. تۈركىي تىللاردىكى / toğa n/ سۆزى /tok/ ۋە يىلتىزى ئېنىق بولمىغان /kan/ دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن ۋە جۈپ سۆز ھالىتىدە قوللىنىلغان. تۈركچىدىكى /tok/ بولسا، ئىپتىدائىي ياكى قەدىمكى تۈركچىدىن كوـ-رېيەچىگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

(8) kao «ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى قورقىتىدىغان مۇدھىش روھ»: بۈگۈنكى كورېيەچىدە بۇ سۆز /kawi/ شەكلىدە. ئوتتۇرا دەۋر تۈركچىسىنىڭ ئوغۇز دىئالېكتىدا «مۇدھىش روھقا تۇتۇلغان ھالەت» مەـ-نىسىدە /kowuz/ ۋە /kowu/ شەكىللىرى بار ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دىۋانىدا بۇ سۆز توغرىسىدا قىزىقارلىق بىر ئىزاھ بار؛ مۇدھىش روھ تۇتۇۋالغان (قاراباسقان) ئادەمدىن مۇدھىش روھنى قوغلىغاندا، ئۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ، !kowu! kowu دەپ ۋارقىرارمىش. كلاۋسېن ۋە دانكوفلار بۇ سۆزنىڭ «قوغلىماق» مەنىسىدىكى تۈركىي تىللاردىكى پېئىل /‒kow/ دىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن بۇ خىل چۈشەندۈرۈش قايىل قىلارلىق ئەمەس، چۈنكى تۈركىي تىللاردا پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولغان /‒u/ ياكى /‒uz/ لار ئاز ئۇچرايدۇ ۋە ئادەتتە ئۆتۈملۈك پېئىللار بىـ-لەن قوللىنىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، سېمانتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ مۇناسىۋىتى يوق. مېنىڭچە، بۇ-نىڭ ئىككى خىل ئېھتىماللىقى بار، بىرىنچىسى: ئىسىم /kowu/غا كىچىكلەتمە قوشۇمچە / ç‒/نىڭ قوشۇلۇشى؛ ئىككىنچىسى: ئىسىم بولغان /kow/ بىلەن «ئۇچماق، يوق بولماق» مەنىدىكى /‒ uç/ پېئىـ-لىنىڭ بىللە قوللىنىلغانلىقى؛ ئىككىنچىسى / kowuç/ «يامان روھ، يوقال!» مەنىسىدىدۇر.

(9) tark «توخۇ»: بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە ئوتتۇرا تۈركچىدىكى /takığu/ «ئۆي قۇشى» بىلەن ئوخشاش. بۇ سۆز/tak/ ۋە /ğu ‒/ شەكلىدىكى ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، كلاۋسېن ئۇنىڭ قەدىمكى تۈركچىدە ھايۋان ئىسىملىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان /ğa ‒/ بىلەن ئوخشاش بىر ئىسىم ياسىغۇ-چى قوشۇمچە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تۈركچە /kaburğa/: «شەپەرەڭ»، /torğa/ «سوپتورـ-غاي»؛ مېنىڭچە، /ğu ‒/ نىڭ، خەنزۇچىدىن كېلىش ئېھتىماللىقى چوڭ. تۈركچە /takığu/، /takı/ ۋە / ğu/ شەكلىدىكى ئىككى سۆزنىڭ بىرىكتۈرۈلۈپ قوللىنىلغان شەكلىدۇر. قەدىمكى تۈركچىدىـ-كى /takı/ شەكلى، /r/ ئۇزۇك تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە ئاخىرىدىكى /ı/ تاۋۇشىنىڭ پەيدا بوـ

لۇشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. كورېيەچىنىڭ شىۋىلىرىدە /r/ چۈشۈپ قالغان ھالدا /taķ/ شەكلىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆز موڭغۇلچىدىمۇ بار، /taķ ijan/ «توخۇ، مېكىيان»، بۇ سۆز /taķ/ «توخۇ» بىلەن تەۋەلىك قوشۇمچىسى /-ijan/ نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان.

كورېيەچىدىكى /tark/ سۆزىنىڭ تۈركىي تىللاردىن كورېيەچىگە كىرگەنلىكى ياكى كورېيەچىدىن تۈركىي تىللارغا كىرگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

(10) satari «يۆتكىلىشچان پەلەمپەي»: بۇ سۆز «پەلەمپەي» مەنىسىدىكى تۈركىي تىللاردىكى /satu/ سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. كلاۋسېن بۇ تۈركچە سۆزنىڭ باشقا بىر تىلدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. كورېيەچىدە /satari/ سۆزىنىڭ ئورنىدا ئەينى مەنىدىكى /sataktari/ سۆزى بار. كورېيەچىدىكى /satari/ ۋە /sataktari/ ئوخشاش يىلتىزدىن ياسالغان. بۇ ئىككى سۆز سېلىشتۇرۇلسا، /satari/ نىڭ بىردىن كۆپ مورفېمىدىن تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. مېنىڭچە، /satari/ سۆزى /sata/ ۋە /-ari/ دىن ئىبارەت ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. بۇ يەردىكى /-ari/ كىچىكلەتمە قوشۇمچىسى بولۇپ، كورېيەچىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. /satak/ سۆزى بولسا، /sata/ بىلەن ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە /-ak/ تىن تۈزۈلگەن. ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە /-ak/ كورېيەچىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ.

(11) ķut «شامانىزمدا، بەخت تىلەش ئۈچۈن ئېچىلغان دىنىي مۇراسىم»: بۇ سۆز شامانىزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئالتاي تىللىرىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. قەدىمكى تۈركچىدە /ķut/ «سائادەت، تەبرىكلىمەك، قۇتلىماق» مەنىسىدە كېلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە بىلەن ياسالغان /qutğ ur-/ «بەخت كەلتۈرمەك، سائادەت كەلتۈرمەك» ۋە /ķutad-/ «بەختلىك بولماق» سۆزلىرى بار ئىدى. ئوتتۇرا دەۋردىكى تۈركچىدە «سائادەت، قۇتلۇقلىماق» مەنىسىدە كەڭ تۈردە قوللىنىلغان ئىدى. موڭغۇلچىدا بولسا بۇ سۆز ئىككى بوغۇملۇق بولۇپ، /ķutu/ شەكلىدە «سائادەت، مۇقەددەس» مەنىسىدە؛ مانجۇچىدىمۇ ئوخشاش مەنىدە /χuturi/ شەكلى بار ۋە بۇ سۆزدىن باشقا، «يامان روھ» مەنىسىدە /χutu/ كەلگەن سۆزىمۇ بار.

بۇ سۆزنىڭ قانداق قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلاش قىيىن، ئەمما شەكلىگە ۋە مەنىسىگە قارىغاندا تۈركىي تىللاردىن كورېيەچىگە ۋە باشقا تىللارغا قوبۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. كورېيەچىدىكى مەنىسى «بەخت تىلىمەك ئۈچۈن شامان مۇراسىمى تەشكىللىمەك» بولۇپ، بۇ مەنە تۈركىي تىللاردىكى مەنىسىگە قارىغاندا ئىككىنچى مەنىدۇر.

(12) tul «چىشى ھايۋان؛ تۇغمىغان ياكى تۇخۇملىمىغان چىشى ھايۋان»: بۇ سۆز پەقەت ئالدى قوشۇمچە ھالىتىدىلا قوللىنىلىدۇ، يالغۇز قوللىنىلمايدۇ. بۇ سۆز تۈركىي تىللاردىكى «تۇل ئايال» مەنىسىدىكى /tul/ سۆزىدىن قوبۇل قىلىنغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ۋە چاغاتايچىدا /tul/ «تۇل» دەپ ئېلىنىدۇ. رامۇستېد تۈركىي تىلدىكى بۇ سۆزنى موڭغۇلچىنىڭ قالمۇق شىۋىسىدىكى /tulğu/ «يالغۇز، يېتىم» بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان.

(13) ķor «ئېچىتقۇ، كىسلاتالىق يېمەكلىكلەردە بولىدىغان قاتتىق قالدۇق»: كورېيەچىدە بۇ سۆز يالغۇز قوللىنىلمايدۇ، پەقەت /kormaci/, /korkaci/, /kormaci/ قاتارلىق سۆزلەردىلا كۆرۈلىدۇ. بۇ سۆز ئوتتۇرا دەۋر تۈركچىسىدە ئۇچرايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا /ķor/، بۈگۈنكى تۈركىي تىللار ئىچىدىكى تۈركمەنچە ۋە قىرغىزچىدا قوللىنىلىدۇ. تۈركمەنچىدە /ğor/، قىرغىزچىدا /ķur/.

(14) tuķ «تۇغان، دامبا»: بۇ سۆز قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا دەۋردىكى تۈركىي تىللاردا /tuķ/ «دامبا، توسالغۇ ماددا» شەكلىدە قوللىنىلغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، /tuğla-/ ، /tuğaq/ سۆزلەرمۇ بار. تۈركىي تىللاردىكى /tuğ/ سۆزى /tu-/ پېئىلغا ئىسىمدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە /-ğ/ نىڭ قوشۇ-

لۇشى بىلەن ياسالغان ئىسىمدۇر.

(15) tam «توپا ۋە تاشلاردىن ياسالغان تام»: بۇ سۆز قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا دەۋردىكى تۈركىي تىللاردا كەڭ تۈردە قوللىنىلغان. ئورخۇن تۈركچىسىدە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا /tam/، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا /tam/، ئوتتۇرا دەۋر تۈركچىسى، چاغاتايچە ۋە كومانچىدا «ئۆگزە» مەنىسىدە؛ ئوسمانلىچىدا بولسا «ئۆگزە، بىنا، تۈرمە» مەنىسىدە ئىدى. ئوتتۇرا دەۋر تۈركچىسىدە بۇنىڭدىن تۈرلەنگەن پېئىللىمۇ بار ئىدى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا /tamula/ «دامبا ۋە توسما ياساپ سۇنى توسىماق»، تۈركىي تىللاردىكى /tam/، /tuķ/ سۆزلىرى بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى تۈركىي تىللاردىن كورېيەچىگە كىرگەن.

(16) tori «قەھرىمان»: بۇ سۆز تۇنجى قېتىم قەدىمكى كورېيەچىنىڭ مەنبەسى بولغان Samgukyusa دا، تۇنجى كورېيە دۆلىتىنىڭ بىرى بولغان سىللا دۆلىتىنىڭ قورغۇچىلىرىنى سۆزلىگەندە /sobɛltori/ شەكلىدە ئۇچرايدۇ. /sobɛltori/ بولسا /sobɛl/ ۋە /tori/ دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن. /sobɛl / «پايتەخت» مەنىسىدە بولۇپ، كېيىن Seul غا ئۆزگەرگەن. /tori/ سۆزىنىڭ مەنىسىگە كەلسەك، بۇ سۆز موڭغۇلىيەنىڭ پايتەختى /Ulan Bator/ سۆزىدە ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە /ulan/ سۈپەت بولۇپ، «قىزىل» مەنىسىدە؛ /bator/ بولسا تۈركىي تىللاردىكى /bağator/ بىلەن ئوخشاش. /bağator/ ئەسلىدە «قەھرىمان» مەنىسىدە بولۇپ، شىنجاڭ، قۇمدەريا ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان رۇنىك يېزىقى بىلەن يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە بىر مەتىندە ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز /bağa/ ۋە /tor/ دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن. /bağa/ تۈركچىدىكى /baķa/ بىلەن ئوخشاش. چۈنكى، «ق»نىڭ «غ»غا ئۆزگىرىشى تۈركىي تىللاردا ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا /buķa/، چاغاتايچە /buğa/، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا /baķa/ «قارا پاقا»، قىپچاقچە ۋە ئوسمانلىچىدا بولسا /bağa/ شەكلىدىدۇر.

/bağator/ ئۇنۋانى ئۇچۇن قوللىنىلغان /bağa/ سۆزىنىڭ ھايۋان ئىسمىدىن كەلگەنلىكى ھەيران قالارلىق ئەمەس. چۈنكى، قەدىمكى تۈركچىدە ھايۋان ئىسمىدىن كەلگەن ئۇنۋان كۆپ ئۇچرايدۇ.

Bağa tor دىكى tor «گېنېرال، قەھرىمان» مەنىسىدە ۋە bağator «قاراپاقا گېنېرال» مەنىسىدە. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ ئىسىم كورېيە فولكلورىدا كۈچلۈك بىر ھايۋان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمدە كورېيەلىكلەر كۈچلۈك ئوغۇل بالىنى «قاراپاقا گېنېرالدەك بالا» دەپ ماختايتتى. كىچىك بالىلار ئويۇن ئوينىغاندىمۇ «قاراپاقا گېنېرال، ماڭا ياردەم قىل» دەپ ۋارقىرايدۇ. tori سۆزىنى «جەسۇر ئوغۇل» مەنىسىدە قوللىنىشقا ئادەتلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا tori سۆزىنىڭ ئاخىرىدىكى /i/ سوزۇق تاۋۇشى كورېيەچىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىدۇر.

(17) kakkan «سىللا دۆلىتىنىڭ بىر ئۇنۋانى»: قەدىمكى كورېيە دۆلەتلىرىدىن بىرى بولغان كوگۇرىيە (Kogurye) دە «ئۇلۇغ ھۆكۈمدار» مەنىسىدە kaxan ئۇنۋانى قوللىنىلغان. بۇ سىللا دۆلىتىنىڭ ئۇنۋانى kakkan بىلەن ئوخشاش، قەدىمكى تۈركچىدىكى ķa ķan ئۇنۋانى بىلەنمۇ ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى كورېيەچىدە ķan بىر «ھۆكۈمدار» ئۇنۋانى بىلەن بىللە قوللىنىلغان ياكى ķa «يەرلىك ھۆكۈمدار» ئۇنۋانى قوللىنىلغان. بۇ، تۈركىي تىللاردىكى ķağan نىڭ ķa ۋە ķan دىن ئىبارەت ئىككى ئۇنۋاندىن تەركىب تاپقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەڭ قەدىمكى تۈركچىدىكى تابغاچ (Topa) تىلى ۋە قەدىمكى تۈركچىدە قوللىنىلغان ķağan ئالتاي تىللىرىدىن باشقا پارسچە، تىبەتچە، ئۇرال تىللىرى ۋە ھىندى - ياۋروپا تىللىرىغىمۇ كىرگەن.

(18) kam «سىللا دۆلىتىنىڭ ئۇنۋانى»: سىللا ئۇنۋانلىرىدا چوڭ kam، كىچىك kam، كىچىك قې-

رىنداش kam، دېگەندەك ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىغان. بۇ سۆز تۈركىي تىللاردىكى «شامان» مەنىسىدىكى ķam سۆزى بىلەن ئوخشاش. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا /ķam/ «سېھرىگەر»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا/ķam/، چاغاتايچىدا «دوختۇر، ئەقىللىق ئادەم، مەسلىھەتچى» . ئوتتۇرا دەۋر تۈركچىسىدە ķam سۆزىنىڭ پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىنكى شەكلىمۇ ئىشلىتىلگەن. ķamla : «داۋالىماق»، قەدىمكى دەۋردە شامانلارنىڭ يالغۇز دىنىي ئىشلاردىلا ئەمەس، سىياسىي پائالىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىمىز. كوماچىدا ķam «ئايال شامان» ئۈچۈن قوللىنىلغان.

يۇقىرىدا قەدىمكى دەۋرلەردە تۈركىي تىللاردىن كورېيەچىگە كىرگەن بەزى سۆزلەر كۆرسىتىلدى. بۇلاردىن باشقا، كورېيەچىدە تۈركىي تىللاردىن كىرگەن نۇرغۇن سۆز بار. ئەلۋەتتە بەزى سۆزلەرنىڭ تۈركىي تىللارغا تەۋە ياكى كورېيەچىگە تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىدى، يىلتىزى ئېنىق بولمىغان سۆزلەرمۇ بار.

بۇ سۆزلەرنىڭ قاچان كورېيەچىگە كىرگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىرنېمە دېمەك قىيىن. ئەمما كۆپ قىسمىنىڭ تەخمىنەن ئېپتىدائىي ياكى دەسلەپكى تۈرك تىل دەۋرىدە، باشقىلىرىنىڭ بولسا قەدىمكى تۈركچە دەۋرىدە قوبۇل قىلىنغانلىق ئېھتىمالى چوڭ. ھەقىقەتەنمۇ تارىختا ھونلار ۋە كۆكتۈركلەر ئاۋۋال كوجوسون بىلەن ئاندىن كوگۇرىيە بىلەن ئالاقە قىلغان، كېيىنچە بۇ ئالاقە ئاستا ـ ئاستا سۇستلاشقان.

پايدىلانمىلار:

1) خەنۋۇچۈ: «قەدىمكى كورېيەچىدىكى بەزى ئۇنۋان سۆزلىرىگە ئىزاھلار»، «ئوتتۇرا ئاسىيا» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 1 ــ 2 ـ سانلار.

2) كلاۋسېن: «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئېتىمولوگىيە لۇغىتى»، ئوكسفورد، 1972 ـ يىلى.

3) دانكوف: «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›»، 1985 ـ يىلى ۋاشىنگتون.

4) Doerfer, G.(1975), Türkische und mongolische Elemente im neupersischen.IV. Wiesbaden.

5) Ramstedt, G. J. (1935), Studies in Korean Etymology. Helsinki

(تۈركچە «بىلىگ» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق يازلىق 30 ـ سانىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى)
(ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىنىڭ 2012 ـ يىللىق دوكتورانتى)

# جالالىددىن رۇمىي ھېكمەتلىرىدىن تاللانمىلار

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئائىشە قادىر

## ئىلىم ـ پەن ھەققىدە

كىشىلەر ھەرئىشتا ئۆزىنى بىرپەن، بىر سەنئەتكە بېغىشلىشىدۇ، ئۆمرىنى شۇ يولغا سەرپ قىلىشىدۇ؛ بىلسە، مەيلى شەرقتە بولسۇن ياكى غەربتە بولسۇن ھامىنى ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بىلىم ــ سۇلايمان سەلتەنىتىنىڭ ئۈزۈكى.

ئالتۇندىن كىيىم تىكىش، دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە ـ مارجانلارنى تېپىپ چىقىش، غەۋۋاسلىق، تېبابەت قاتارلىق ئىلىملەر پەلسەپىدۇر.

ئىلىم ـ مەرىپەت، پاراسەت، ھۈنەر ئىنساندىن ئىنسانغا تېگىدىغان ئەڭ ياخشى نەپتۇر.

بىلىم قۇياشى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كۆچمەس، بىلىم قۇياشى ئۈچۈن ھەقىقىي توغرىلىق جان ۋە ئەقىلدۇر.

نادان ئەلدە ئىلىم خاردۇر، نادان ئەل ھەم خار ـ زاردۇر.

بىرئەلگە نادان باش بولدىمۇ؟ ئۇ ئەل فىرئەۋىن قولىدا ۋەيران بولغان كەبى خار ـ زارلىقتا قالۇر.

ئەي نادانلىق تېغىدا ئۆزىنى ئەۋلىيا سانىغۇچى، دۇنيا ھەققىدىكى ئويدۇرمىلىرىڭنى يىغ، ھىيلەڭ بىلەن دۇنياغا ئازاب چاچما. ئەقىل ـ ھوشۇڭ، جانۇ جەھلىڭ بىلەن قىلغان نادانلىق ھەققىدىكى ھىيلىلىرىڭ نېمە ۋەجىدىن؟

غەپلەت ئىنسان ئۈچۈن يوقىتىش دېمەكتۇر.

تەڭرىنىڭ ئارىپ كىشىگە ئاتا قىلغانلىرىنى ئۇنىڭ نامىدىن بىل، ئارىپ كىشىنىڭ دۇنياسى باشقىدۇر.

نازىنىنىنىڭ ناز قىلىشى، نادانىنىڭ سۆزلىگىنىدىن ياخشىدۇر. نادان ئىنساندا نە تەپەككۇر، نە ئەقىل، ئۇنىڭ قۇرۇق دەرەختىن ھېچ پەرقى يوقتۇر.

تەپەككۇر قىلىش بىلگىنىدىن ئۇستۇندۇر،ئىنسان تەپەككۇر ئارقىلىق دۇنيا يۈزىدە خەلققە تاتلىق كۆرۈنىدۇ.

بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز ھېچقاچان تەڭ بولغان ئەمەس.

زەئىپلىك نادانلىقنىڭ ئىپادىسى.

كۆزى ئوچۇق، قەلبى غەپلەت ئۇيقۇسى بىلەن ئويغانمىغان ئىنسانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟

مال ـ دۇنيالىرى ئۇچۇن ياشاۋاتقانلارغا بۇ دۇنيا ئازاب دۇنياسىدۇر، ئىلىم ئەھلىلىرى بۇلاردىن مۇستەسنا، ئۇلارنىڭ دۇنياسى ھېكمەت دۇنياسىدۇر.

كۆڭۈلگە چەككەن بىلىم گۈلدۇر، بەدەنگە چەككەن بىلىم يۈكتۇر.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىلمى بىزنىڭ ئۆگەنگەن ئىلىم دېڭىزىمىزنىڭ كۆپۈكىدۇر. كۆپۈكلەر ھامان سۇ يۈزىدىن غايىب بولۇر، لېكىن دېڭىز سۈيى ئاسانلىقچە قۇرۇماس.

نادانلارنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇلار ئېرىشتى ـ يۇ، يەنە يوقاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنى ئېرىشكىنىنىڭ سايىسى ئىدى.

ئورۇنلۇق سوئال بىلىمنىڭ يېرىمىدۇر.

ئىلمي بەس ـ مۇنازىرىلەر كۆپىنچە كىشىلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ.

ئىلىم نانغا ئوخشايدۇ.

## كىتاب ھەققىدە

بىر كۇتۇپخانا بىر زىنداننىڭ تاقىلىشىغا سەۋەب بولالايدۇ.

كىتابسىز ئۆي روھسىز ۋۇجۇدقا ئوخشاشتۇر.

ساڭا ئەڭ كۆپ پايدىسى تەگكەن كىتاب، سېنى ھەممىدىن بەك چۈشەندۈرىدىغان كىتابتۇر.

كىتابلار رەڭگى ئۆچمەس ئۇسۇملۇكتۇر.

كىتاب ئىستىقبالغا يوللانغان بىر مەكتۇپتۇر.

كىتاب روھنىڭ ئوزۇقى، ئەقىلنىڭ دورىسىدۇر.

ئۈمىد بىلەن ئوقۇلۇپ، غەلىبە بىلەن يېپىلغان كىتاب، كىتابلارنىڭ ياخشىسىدۇر.

بۇ ئازاب سۇلىرى ۋە خۇرسەنلىك سۈيى خەلق ئۇچۇن ئاقار. ياخشىلاردىن قالغان مىراس خۇرسەنلىك سىۋىدۇر. بۇ نېمە مىراس دەپ سورىساڭ: «ئۇ يەنە، بۇ كىتابنى سىزگە مىراس قىلىپ بەردىم» دېگەن مىراستۇر.

## ھاياتلىق ھەققىدە

ئۇلۇغۋار نىيەتلەر بىلەن چەككەن جاپا بىلىنمەس.

كۆپ ئۇخلىغاننىڭ دەردى كۆپ بولۇر.

تىل ـــ جان قەپىزىنىڭ پەردىسىدۇر.

ئېرىشكىنىنمۇ قەدىرلىمىگەنلەر ھامان ئۇنىڭدىنمۇ مەھرۇم قالۇر.

نان ساڭا قايتا جان بېرەلەيدۇ، نان دېمەك جان دېمەكتۇر.

بېلىقچىنىڭ زەھىرىدىن قۇتۇلماقچى بولساڭ، دېڭىزغا ئۆزۈڭنى ئات.

ئۆينىڭ ئۇلى ھاياتلىق ئومۇرتقىسىدۇر، ئۇلى يىقىلغان ئۆينى يالغۇز يۆلىگىلى بولماس.

تەشنالىقى قانغانلارغا تۇلۇم ۋە كۆپىنىڭ نە ھاجىتى؟

جېنىدىن تويغانلار سايىسىدىن غەم يەپ يۈرمەس، سايىسىغىمۇ سىغمىغان جېنىنى دېڭىزغا غەرق قىلىشار.

تەننىڭ باھاسى جان بىلەندۇر، جاننىڭ باھاسى سۆيگۈنىڭ نۇرى بىلەندۇر.

غەپلەت تەندىن ئىلگىرى كېلەر.

قازاننى كۆيۈۋاتىدۇ دېدىڭ، ئەمەلىيەتتە كۆيۈۋاتقىنى قازان ئاستىدىكى ئاتەشتۇر. قازاننىڭ قاينىغىنىنى كۆرسەن، ئەمما ئاتەشنىڭ قاينىشىنى كۆزۈڭ كۆرمەس.

جەۋر - جاپا چەككەنلەرنىڭ قولى قاتتىق بولۇر.

ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنى سېلىشتۇرماق بولساڭ، ئۇلارنىڭ قان يۇقى كۆڭلىكىگە قارا، ئىنسانلارنىڭ مال - دۇنيالىرى ئۇچۇن بىر - بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشى خوپ ئەمەستۇر.

ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى قايسى تەبىئەتتە بولسا، ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرمۇ شۇخىل تەبىئەتنى يۇقتۇرىدۇ.

بۇلبۇللار ناۋا قىلىدىغان گۈلىستانغا ئۇۋا تۈزگەن قاغا گۈلىستاننىڭ زاۋالىنى چىللار، بۇلبۇللار ناۋاسى ھەسرەتلىك كۈيلەردىن ئۆزگە بولماس.

زامان مېنىڭ دېگەنلەرنىڭ زامانغا بەرگۈدەك نېمىسى بار؟!

يىلاندىن قېچىپ ئەجدىھاغا تۇتۇلغانلارغا قارا، ئۇلار بالادىن قېچىپ بالاغا تۇتۇلغانلارغا ئوخشاشتۇر.

بۇ تەن سېنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتلىرىڭنىڭ ئىجازەتنامىسىدۇر. ئالدىڭغا قارا، ئالدىڭدىكىسى ئىنساننىڭ ئەزىز جانلىرى. ئارقاڭغا قارا، ئارقاڭدىكىسى سۇخەنچىلەر، غەيۋەتچىلەر، ئەنە شۇلار جەبرائىلنىڭ جان دېگىنىدىكى گۇناھكارلاردۇر.

قۇياش نۇرى ھاياتلىق ئۆيى دېمەكتۇر.

كۆزۈڭ نۇقسانسىز قۇياشقا باققىنىدا ئۇنىڭ ھارارىتىمۇ سەن ئۈچۈن ھۇزۇردۇر.

سىر - ھېكمەتكە تولغان بۇ دۇنيانىڭ ئەتمىشلىرىدىن ئاغرىنما، ھەممىسى ئۆتكۈنچى، دۇنيا غەملىرىڭ، كۆڭلۈك ئاھلىرىڭ يۈرىكىڭنى يارا قىلمىسۇن.

بۇ ھاياتىڭ ساڭا بېرىلگەن ئىجارىدۇر، ھاياتىڭغا سىڭگەن مەنالارغا چوڭقۇر سىڭگىنىڭدە، بۇ ئىجارە ھەققىنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن، ساڭا بېرىلگەن بۇ ئىھسانلارغا بىنەزەر ئۆتسەڭ، ھاياتىڭ سەن ئۈچۈن ھېچنېمە خالاس.

ئەي ئىنسان، بېشىڭ كۆكتە بولسىمۇ، لېكىن پۇتۇڭ ھامان يەردە، بىلگىنىكى، پەسەيمەس ئارزۇ-ھەۋەس بولماس، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىڭ بەدەن قەپىزىدىن ئايرىلغىنىدا، كۆرگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى بىر سۇرەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن.

ئۈمىدسىزلىك، بىزارلىق ئۆمرۈڭنى خورىتىدۇ.

تەن قۇۋۋەتلىرىڭ بىلەن ماختانما ئەي ئىنسان، ئاشۇ قۇۋۋەتلەر بىر كۈنلەر سېنى خار قىلۇر.

زەئىپ تەنگە قۇۋۋەت كېرەك، لېكىن قۇۋۋەتلىك تەن شەيتان يولىدىدۇر.

سەپەردىن ئالغان ھېسلىرىڭ بارچە ھېسلىرىڭنى قۇربان قىلار.

ئىنسان قەيەردە ياشىسا شۇ يەرنى پۈتۈن دۇنيا دەپ بىلىدۇ، دۇنيامۇ ھەم شۇ ھالدا كۆرۈنىدۇ. ئىشتىكىنىكى، ئىدراكىڭ ناچار تۇيغۇلىرىڭدىن ھالقىمىغىنىدا، سەن يەنىلا كىچىككىنە دۇنيادىسەن.

ئۇلۇغ ئىنسانلار بۈيۈكلۈككە يېتىش يولىدا تالاپەتكە كۆپ ئۇچرايدۇ، چۈنكى سۆيگۈ گۈزەل يۈزلۈكلەردە بەكرەك جىلۋىلىنىدۇ.

تەنھالىقنى ئازابلىغان ئىنسان ئەقىلسىز ئىنساندۇر.

چېچىلغان ھايۋان پادىسىغا قارا، ئۇستۇنلۇك تالىشىپ ئالدىغا ئۆتۈۋالغىنى يەنىلا ئارقىسىدا قالدى.

بالا ـ قازا جاننىڭ جاپا ـ مۇشەققەت قورقۇنچىسىدىن پەيدا بولىدۇ.
ئۆزسايىسىدىن كۆرەڭلىگەن ئىنسانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلارنىڭ سايىسى يەرگە ئەمەس ئۆزىگە چۈ-شىدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھەتتا تۇپراقمۇ بىلمەيدۇ.
بۇركۇتنىڭ چىۋىن يېگىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ چىۋىننىڭ كۆپلۈكى بۈركۈتكە باھانە بولغىنى يوق.
مېۋىنىڭ مېۋە بولۇشى ئۈچۈن سۇ كېرەك، سۇغا بۇلۇت كېرەك، بۇلۇتتىن ئابىكەۋسەر ياغدۇرۇش ئۈچۈن يامغۇر كېرەك، شۇندىلا مېۋىدە ھاياتلىق پەيدا بولىدۇ.
چاشقان ئېڭىدا كوللېكتىپ تۇيغۇسى بولمىغاچقا، ئۇ ئۆز ئاۋازىدىنمۇ ئۈركۈيدۇ.
ئەي گۈزەل، ناچار تەبىئەتنىڭ سەۋەبىدىن ئەينەكنى پارە ـ پارە قىلغىنىڭ نېمىسى؟ ئۆز خاتالىقىڭ سەۋەبىدىن سۇدىكى يۇلتۇز شولىسىنى تۇپراققا چاچما.
ئەخمەقنىڭ چۈشى ئەقىلگە يارىشا بولىدۇ. ئۇنىڭ چۈشىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش قىممەتسىزدۇر.
ھەر يىغىنىڭ ئاخىرى كۆلكىدۇر، شۇ ئازاب كۆلكىسىنى كۆلەلىگەن كىشى بەختلىك كىشىدۇر.
نەدە ئېقىن سۇ بولسا شۇيەردە يېشىللىق بولۇر، نەدە كۆز ياش ئاقسا شۇ يەرگە رەھمەت ياغۇر.
بۇغدايىنى يانچىمىساڭ ئۇزۇقۇڭ نە بولۇر؟
بىر دەرەخ پالتا سەۋەبىدىن كېسىلسە، يەنە بىر دەرەخ ھايات شامالىلىرىدا ئۇسسۇل ئوينىماقتا.
ئېپارنى تېنىڭغا ئەمەس، كۆڭلۈڭگە سۈر.
ئەي ئىنسان، دۇنيا ھېرىسلىرىدىن ۋاز كەچ، كۆڭلۈڭ دۇرۇسلۇق ئەينىكىدە يورۇسۇن .
شۇملۇقنىڭ ئىلاجى ياخشىلىق قىلماقتۇر، شۇملۇقتا شۇبھە بار، ھەسەت بار.
گۈزەل يۈزلۈك ئىنسان ئەينەككە ئامراق كېلۇر. گۈزەلنىڭ جامالىدىن جانلار نۇرلىنار، كۆڭۈللەر پاكىزلىنار، گۈزەل رەڭلەر پاكىزلىققا تولغان بولىدۇ.
قەلبىدىن بىر ئىشىك ئېچىلغان ئىنسان قەيەرگە بارسا، كۆزىگە قۇياش كۆرۈنەر.
سەھەر ئۇيقۇسىغا غەپلەت قۇچاق ئاچار.
رىيازەتكە كۆنگەن ئىنسان غەپلەت يولىنى كېسەر.
كۆڭۈللەردىكى سىرلار بەدەنلەردە زاھىردۇر، كۆڭۈل يامغۇر كەبى كۆز ياشلىرىنى تۆكەر، قورۇغان ئۈمىدلەر بىلەن ئۆلۈپ تۇگەر.
كۆڭلۈڭگە كەلگەن خىيال روھىڭنى ئالدىمۇ، ئۇ ھامان سېنىڭ بىلەن بىللىدۇر. بىلگىنىكى، قورۇق خىيال ئالدامچى سەھەرلەردەك كېلىپ ـ كېتەر.
خىيال دەر، مەن نۇردىن كەلگەن ساباھقا ئوخشاشمەن، كۇندۇزگە ھەمراھ كېچە نۇرىدەك ئۆچمەسمەن.
ھايۋان روھى ئۇيقۇدىن باشقىنى بىلمەس.
غەپلەتتىكى كىشى ئويغاق ۋاقتىدىكى كۆرگەن چۈشلىرىدىنمۇ كۆرەڭلەيدىغان پەسكەش كىشىدۇر.
بۇلارنىڭ پەسكەشلىكى شۇنداقكى، ئۇلار: «مەن سۈكۈتنى ياقتۇرمايمەن» دېيىشىدۇ.
تىكەنسىز گۈل بولماس.
گۈللەر بەرگىنىڭ ئۈچكەن رەڭگى كۆزدىن دېرەكتۇر.
قەدىرسىز تىكەننىڭ گۈلىستانلىقتا كۆز پەسلىگە تەشنا ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتما، تىكەن گۈلنىڭ رۇخسا-رىدىن ئۆزىنى پىنھان تۇتماق ئۈچۈن، ئۆز ئەيىبىنى يوشۇرماق ئۈچۈن گۈل ئاستىغا يوشۇرۇنغاندۇر.
بۇ جان ئاغرىقلىرىنى دۇنيا مېۋىلىرىنىڭ غەم خازانلىرى دەپ بىل، ئەقىل بېغىڭغا توغرىلىق پىكرى كەلسە ھەر نىمجان جانلارغا جان بېرەر.
بۇغدايىنى ساماندىن ئايرىغىلى بولىدىكەنۇ، ياخشى بىلەن يامان نېچۈك ئايرىلماس؟

تەن ھېرىسلىكى سېنى سامانلىققا، كۆڭۈل ھېرىسلىقى رەيھانلىققا باشلار.
ياپراقسىز دەرەخ قانچە كۆرۈمسىز كۆرۈنسە، ئەقىلسىز ئىنسانمۇ ھەم كۆرۈمسىز كۆرۈنەر. بەلگىندىكى، ئىنسان ئەقىل ۋە پاراسەت بىلەن گۈزەلدۇر.
كۆككە تاقاشقان ۋاپا ياپراقلىرى دەركى: «مېنىڭ گۈزەللىكىم ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن يىلتىزلارنىڭ ساداقىتىدۇر.»
ئىشلەپ ئۆگەتكەن سۆزلەپ ئۆگەتكەندىن كۆپ ياخشىدۇر.
بۇيۇكلەرنىڭ سۆزلىرى كۆمۈلگەن دەپىنەدۇر(بايلىق). دەپىنەسى بولمىغانلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئېقىپ كېتىدىغان زەخمەتتۇر.
ئىنسان مەدەنىيە بىلەن ئىنساندۇر، ھەر ئىنساننى مەدەنىيەلە، ئۇنى كۆتۈر (ئەسكى، ناچار، بۇزۇق) دەپ بىلمە.
دۇنيادا تىكەن ئۇرۇقى تىككەن كىشىگە قارا، ئۇنىڭ گۈلىستانلىقى ئەسلى تىكەن بىلەن تولغاندۇر.
توزنىڭ قانتى ئۇنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئەجەب بىر كۈچلۈك پادشاھلار باركى، ئاجىزغىنە توزنىمۇ ئۈۋلايدىغان.
دورا دەردتىن باشقىسىغا داۋادۇر.
جاھىللارنىڭ مەرھەممىتى ۋە لۇتفى ئازدۇر.
دەرد دائىم ئىنسانغا يول كۆرسىتەر.
دەردلىك ئىنساننىڭ ھەر ئىشقا تەييار، تەدبىرلىك كۆڭلى باردۇر. دەردلىك ئىنساننىڭ دەردىنى ئاڭلىساڭ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئۆيىگە بىر دېرىزە ئاچقان بولىسەن.
تەپەككۇرۇڭ گۈل بولسا، سەن گۈل باغچىسىسەن، ئەگەر تىكەن بولسا كۈلخانىدىكى ئوتۇنسەن.
ئەي قېرىندىشىم، سەن پىكىر ۋە تەپەككۇردىن ئىبارەتسەن. ئۇلار سېنىڭ بارلىقىڭدۇر. قالغانلىرى سىڭىر بولۇپ بۇلار ھايۋانلاردىمۇ باردۇر.
ئادالەت نېمە؟ دەرەخلەرگە سۇ بېرىش. زۇلۇم نېمە؟ تىكەننى سۇغارماق. ئادالەت بىر نېمەتنى يەرگە ئۇندۇرۇش دېگەنلىكتۇر، ھەرگىزمۇ يەردىكى بىخلارنى يۇلۇش دېگەنلىك ئەمەستۇر. زۇلۇم نېمە؟ بىر نەرسىنى ئۆز جايىدىن قوزغىماق، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان جايغا يۆتكىمەك دېمەكتۇر.
بىر پۇتۇڭغا كەلمىگەن ئاياغ يەنە بىر پۇتۇڭغىمۇ ماس كەلمەس.
ئېشەك مۇشتەرى(خېرىدار) بولۇپ بىرەر نەرسە ئالار بولسا، ئەلۋەتتە خام قوغۇننى ئالار.
توخۇ يۈرەك ئىنسانلار جاپاكەش كېلۇر.
تىكەن گۈلنىڭ ئانىسىدۇر.
ھاياتتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۈچ نەرسە لازىمدۇر: دىققەت، ئىنتىزام، تىرىشچانلىق.
جاھىل ئىنساننىڭ يېنىدا كىتاب كەبى سۈكۈتتە بول.
گۈزەللەرگە قېتىل، سەنمۇ گۈزەل بول، گۈزەللەرنىڭ خۇيىنى دورا.
مال – دۇنيا ۋە پارا توزاقتۇر، تۇزاققا سىغىنغان شەرمەندە بولۇر. گېلىنىڭ غېمى بىلەن باشقىلارنىڭ ناشتىلىقىغا ئايلانغان قۇشلارغا قارا.
ئۆمۈر ئالتۇن قاپچۇق بولغىنىدا، كېچە بىلەن كۈندۈز شۇ قاپچۇقتىكى ئاقچىغا ئوخشايدۇ.
توغرىنى سۆزلىمەك ئەمەس، ئاڭلاتماق تەس.
ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ناچىرى سۆيمىگەن ھەم سۆيدۈرمىگەن ئىنساندۇر.
قولۇڭ كىر بولسىمۇ، كۆڭلۈڭ پاكىز بولسۇن.

پايدىلىق قومۇش، پايدىسى يوق تۇغقاندىن ياخشى.

ئەيىبى كۆپ كىشىنى پادىشاھقا شىكايەت قىلساڭ، ئۆزۈڭنىڭ جېنىڭغا قەست قىلغان بىلەن ئوخشاش.

ھەربىر خاتالىق ئىزدىنىش يولىغا قويۇلغان ئىشكتۇر.

نەدە دەرد بولسا، داۋا شۇ يەردە تۇغۇلار، نەدە بىر يوقسۇللۇق بولسا، رىزىق شۇ يەرگە يول ئالار، نەدە بىر مۇشكۇللۇك بولسا، ھىممەت، ئاسايىشلىق ئۇ يەردە بولۇر، نەدە دېڭىز بولسا كېمە شۇ يەردە ماڭار.

كىشى ئەقلىدىن ئازسا، پىتنە تارقاتماقنى ئىستىسە، ئىلاجى ئۆكۈز قامچىسىدۇر.

ھايۋان ئوت بىلەن سەمرىيدۇ، ئىنسان ئالىيجانابلىق بىلەن يۈز تاپىدۇ. گۈزەللىك نېمىدېگەن ياخشى بىر ئۈلگە؛ شۇنى بىلگىنكى، ئەسكى خۇي بىر يۈرەكنى بىر پۈتكۈل ئەرزىمەس قىلىۋېتىدۇ.

يوقسۇللارنىڭ كۆڭلىنىمۇ رەنجىتمەسلىك كېرەك. جانابىي ھەق: «يېتىمنى خارلىما، بىر نەرسە تەلەپ قىلغاننىڭ قولىنى بوش قايتۇرما» دەپ بۇيرۇغان. تام مىخقا: « سەن نېمىشقا مېنى تېشىپ رەنجىتىسەن؟» دەپ سورىغاندا، مىخ ئۇنىڭغا: «مېنى ئۇرغان ئادەمگە قارا» دەپ جاۋاب بەردى.

**ئەقىدە، ئېتىقاد ھەققىدە**

دىلنىڭ گۇمان ـ شۈبھىدىن خالىي بولۇپ پاكلىنىشى ئۇچۇن يۈزمىڭ يىللىق يول بار دېسەم، ئاز سۆزلىگەن بولىمەن.

ئىنسان بىر مەقسەتكە، بىر مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مەنزىللەردىن ۋاز كېچىشى كېرەك. چۈنكى مەقسەت مەنىدۇر.

دېرىزىدىن كۆرۈنگەن نۇرنى كۆرۈپ ئۆينى ياقۇتتىن بېزەلدىمىكىن دېمىگىن، ئۆيدىكى نۇر قۇياشنىڭ ھەدىيەسى.

كۆنەكلەردىكى ھەسەل ھەرىلەرنىڭ نېمەتلىرىگە قارا. تەڭرى ھەرىگىمۇ ئۆز رەۋىشىدە بىر ئىلىم ئىشىكىنى ئاچقان.

بەختلىك ئىنسان دەيدۇكى، ئەقىلسىزلىق ئىبلىس بىلەن تەڭدۇر.

ئەقلىڭ پاكىز بىر ئەقىلدىن ئۆگەنسە، نەپسىڭ ئۆزگە نەپس ئالدىدا ئۆزىنى يوقاتماي، پاكىز ئەقىل بىلەن بىرلەشسە سۆيگۈ ئاشىدۇ. شۇنى ياخشى بىلگىنكى، ئىنسان نەپسى ئىنسان سۆيگۈسىنى كېمەيتىدۇ، چۈنكى ئىنسان نەپسى كېسەللىك ئەتراپىدا تور قۇرىدۇ.

ئەي بىغەم كۆلكىچى، كۆلكىنىڭ تەمىنى تېتىپ بولغان بولساڭ، ئەمدى يىغىنىڭ تەمىنى تېتىپ باق، چۈنكى يىغلىماقمۇ خوشلۇقتۇر.

نەدە كۆڭۈل بولسا شۇ يەردە سەۋر بولۇر.

كۆرەڭلىك ئىمان يولىنى ئېتىدۇ.

كۆڭۈل تەن كۆلىدە خارلاندى، ئەمما تەن كۆڭۈل كۆلىدە پاكىزلاندى.

ھېچ چۈشەنمىدىڭكى، ھەر كۆرۈنگەن شەيئى بىر ھېكمەتتىندۇر، بىر ھېكمەتتىن خەۋەر بەرگۈچىدۇر.

ئىستەكلەر ئۇيقۇدىكى ئىتقا ئوخشاشتۇر، ئۇنىڭغا ساخاۋەت ۋە يامانلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

مۇھەببەت ۋە مەرھەمەت ئىنسانلىقنىڭ، ھىددەت(غەزەپ)ۋە شەھۋەت ھايۋانلىقنىڭ سۈپىتىدۇر.

زاكات بەرمەس بىر قوۋم ئۈستىدە بۇلۇت بولماس، يامغۇر ياغماس. زىناغا مۇپتىلا بولغان بىر بۆلەك كىشىلەر ساقايماس كېسەللەرگە مۇپتىلا بولۇر.

يىقىلغان بىر كۆڭۈل قۇببەسىنى ئوڭشاپ قويۇش مىڭ مەرتە ھەج قىلغاندىن بەكرەك ياخشىدۇر.

ئىت كۆڭۈلگە ئازار بەرگۈچى ئىنسانلاردىن بەكرەك ۋاپالىق ۋە شەرەپلىكتۇر.

بىزنىڭ تەرنىقتىمىزدە ئاداۋەت تۇتماق كۆپۈرلۈقتۇر، قەلبىمىزنى ئەينەك كەبى يورۇق ۋە پاكىز تۇت-ماق لازىمدۇر.
ئەينەك ۋە تارازا ھېچ زامان يالغان سۆزلىمەس.
زەھەرلىك يىلان ئىنسان جىنىنى ئالغان بىلەن، ناچار قېرىنداش ئىنسانى جەھەننەمگە سۆرەر.
كېسەللەرنى يوقلاش نەپلە ئىبادەتتىن خەيرلىكتۇر.
شاراب ھەقىقەتەن ئەدەپسىزنى تېخىمۇ ئەدەپسىز قىلۇر.
پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ «ئەمىرلەرنى زىيارەت قىلغان ئالىم يامان ئالىم، ئالىملارنى زىيارەت قىلغان ئەمىر ياخشى ئەمىردۇر.»
ئىمان شام چىراغىدۇر، لېكىن ئىنسانلارغا مۇھەببەت قۇياشى يورۇسا، ئىمان ۋە ئىمانسىزلىق دېگەن چۈشەنچىلەرنىڭ ئۆزى كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

### ياشلىق ھەققىدە

ئەي ئىنسان، سەن ياشلىقىڭنىڭ مېھمىنىسەن.

### ئەقىل ھەققىدە

ئۇنچە بىلەن مەرۋايىتنىڭ پەرقى بولمىغىنىدەك، جاھىل بىلەن ئېشەكنىڭمۇ پەرقى بولماس.
ئىنسانىنىڭ دۈشمىنى كۆپ، يول قويۇشنى(چېكىنىشنى)، ئېھتىيات قىلىشنى بىلىدىغان ئىنسان ئە-قىللىك ئىنساندۇر.
بىلىقنىڭ قارماقتا ئىلىنغىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ بىلىقنىڭ قارماقتا ئىلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان سۇ بىلىق ئۈچۈن ھەم ئوزۇق، ھەم كىيىمدۇر، ھەم دورا ھەم غەپلەتتۇر.
ئۆتكۈر قىلىچ يۇمشاق يىپنى كېسەلمەس.
غەزەپ بىلەن ئىستەك ئىنسانىنى قايمۇقتۇرار. جان يولىنى توغرىلىقتىن چىقىرار. غەرەز پەيدا بول-دىمۇ ھىيلە كۆپىيەر. كۆڭۈللەردىن تۇغۇلغان پەردىلەر دۇرۇس كۆزنى توسار.
كىتابلارنى ئوقۇپ بولغان بولساڭ، ئەمدى ئۆزۈڭنى ئوقۇ.
ئىنساندا دۇنيانى كونترول قىلىش ئىقتىدارى بولسىمۇ، ئاغزىنى كونترول قىلالماس.
ھەر ئىشلارنى ياخشى دېمەك كىشىنى خۇش قىلۇر، ھەر شەيئىنى يامانلىقتا چىقارماق مۇستەبىتلىكتۇر.
تاش مىڭ باھار كەلسىمۇ چېچەكلىمەس.
دۇرۇس ئىنسانلارنىڭ قەسەمگە ئېھتىياجى يوقتۇر.

### ئىشق ھەققىدە

ئاشىق ئۆز سۆيگۈسىدىن باشقىسىغا كۆڭۈل بەرسە، بۇ ئاشىقلىق ئەمەستۇر، بەلكى سەۋدالىقتۇر.
قولى ئاشىق ئۈچۈن قانىغان ئىنسان ئەيىبتىن پاكتۇر.
باغچىدا گۈل بولماقچى بولساڭ، كۆڭۈل باغچىسىنىڭ، جان باغچىسىنىڭ گۈلى بول.
كۆڭلۈڭ ئۆلدىمۇ، كۆزۈڭ كۆرمەس.
نازلانماق ئۈچۈن گۈل كەبى گۈزەللىك ساھىبى بولۇش كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، ناچار تەبىئەت-لىكلەرگە ئوخشاش كۆرۈنەر.

كۆرۈمسىز كىشىلەرنىڭ نازىمۇ كۆرۈمسىزدۇر.
ئاينى خالىغان كۆكۈلگە بەدەخشان ياقۇتلىرىنى ئېلىپ بەرسىمۇ بىكار.
ئاشىق ئالتۇنغا ئوخشار، بالا ئاتەشكە. ساپ ئالتۇن ئاتەشتىن خوشلۇق تاپار. ئاشىق ئاتەشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئۆچۈرمەس. ھەقىقىي ئاشىقتا نە ۋاپا باردۇر، نە جاپا.
سۆيگۈدىن ئاچلار تىرىلۇر، سۆيگۈ زەۋقىدىن تۆمۈرلەر ئالتۇن بولۇر، سۆيگۈ زەۋقىدىن زېمىن ئاسـ-تىدىكى بارچە تىرىلۇر، سۆيگۈ دەردلەرگە شىپا بولۇر، سۆيگۈ بىلەن پادىشاھلار قۇل بولۇر.
غەم تىلەكلەر بىلەن چېچەك ئاچار.
ئاشىق سۆيگۈسىنى ئۆلچىگىلى بولماس.
ئىنسانىنى ھۆر قىلىپ يۈكسەلتىدىغىنى ئاشىق ۋە سۆيگۈدۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسى ئاچ كۆزلۈك بو-لۇپ، ئاچ كۆزلۈك ئىنسانىنى چۆكتۈرىدۇ. سۆيگۈ ۋە شەپقەت ئىنساننىڭ، سۆيگۈ ۋە غەزەپ ھايۋاننىڭ ھا-سىلاتلىرىدۇر. سۆيگۈدە جاھانىنى ئىللىتقۇچى قۇياش كەبى، قۇسۇرلارنى ياپقۇچى كېچە كەبى بول.
سۆيگۈ بىلمەكنىڭ، چۈشەنمەكنىڭ، تەپەككۇر قىلماقنىڭ مېۋىسىدۇر.
قانداق قارىساڭ شۇنداق كۆرۈرسەن.
شەھۋەتنىڭ ئىسمىنى ئىشق قويۇپسەن، ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى، ئېشەك ئىنسانلارنىڭ شاھى بولار ئىدى.
ئاشىق ھېچبىر ئازابتىن دەرس ئالماس.
بېلىققا دېڭىزدىن باشقىسى ئازابتۇر.
ئاشىق ئۈچۈن ئاشىقىنىڭ قۇچىقى ئۇنىڭ دۇنياسىدۇر.
بىر نەرسىگە ئېرىشىش ھەۋەسىدە بولغان كىشىنى ھەم شۇ نەرسە ئىستەر.
سۆيگۈ دۆلەتكە باشلىماق بولساڭ، مېنى زەنجىر - كىشەنلەر بىلەن ئەمەس، سىياھەتەك چاچلىرىڭ بىلەن باغلاپ باشلىغىن.
كۆزۈڭنى يۇم، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل.

### سەۋر ھەققىدە

غەملەر بىلەن دۇنيادىن ئەرزىيەتلەردە ياشاپ، مۇشەققەتلىك تىرىكچىلىكتە كۈن كەچۈرگەن كىشىنىڭ ئاخىرىتى خەيرلىك بولۇر.
ئازابنىڭ بىر يۈزى جەبىر بولغىنى بىلەن بىر يۈزى سەۋر، ئاسايىشلىق ھەم بەرىكەتلىكتۇر.
سەۋر زەھەردۇر، ئۇنىڭغا كۆنگەنسېرى ھەسەل تېتىيدۇ.
ئىنسان ئۈچۈن ئۈمىدلىك بولۇش، سەۋرلىك بولۇش ئىنساندىكى ئىككى قانات ھېسابلىنىدۇ.
سەۋرلىك بولساڭ رىزقىڭ سېنى ئىزدەپ كېلىدۇ، ئاشىقلار كەبى ساڭا قۇچاق ئاچىدۇ.
سەۋر غەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

### سەنئەت ھەققىدە

سەنئەتنى كۆرىدىغان كۆز بولمىسا ئالەمنىڭ گۈزەللىكىنى، زېمىننىڭ كۈلكىسىنى كۆرگىلى بولارمىدى؟

## چۈش ھەققىدە

چۈشلىرىدىمۇ ئىلىمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ئادەم ئارىفتۇر.

## دوست ـ دۈشمەن ھەققىدە

دوست ــ خاتىرجەملىك دۆلىتىدۇر، بۇ دۆلەت تۈگىمەس بىر بۇلاقتۇر.

ياخشى دوستى بارنىڭ ئەينەككە ئېھتىياجى چۈشمەس.

تۇيغۇ ئەقىلگە، ئەقىل روھقا ئەسىردۇر.

دۇنيانى كۆرمەك ئۈچۈن ھەر زامان كۆزگە ئېھتىياج باردۇر.

دوست يۈزىنى كۆرمەي ئۆتكەن كۈنلەر يا ئۆلۈم كۈنى، يا غەپلەت كۈنى.

ئازابلار دۇنياسىدا دوست جان ئەينىكىدۇر.

بىر كىشىنى چۈشەنمەك بولساڭ، ئۇنىڭ دوستلىرىغا نەزەر سال.

## سۆز، ناتىقلىق ھەققىدە

ھېكمەتلىك سۆز زىنداندا بولسىمۇ پايدىلىقتۇر.

شېرىن شېكەر سۆز، ئۆمۈر سۈيىمىزنىڭ ئېسەنلىك قومىدۇر. بىرقۇم باركى، ئۇ ئىچىدىن كۆيەر.

ياخشى ئېيتىلغان سۆز، دوستلۇق ئالامىتىدىندۇر، ياخشى سۆزلەنگەن نۇتۇق سېنى ياخشى دوستلار يېنىغا باشلاپ بارار.

جېنىمنى قۇتۇلدۇرار بولساڭ سۆزلىرىمنىڭ ھۆكمىگە قارا، سۆزلىرىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەن، شۇندا سەن ماڭا جان بېرەرسەن.

شۇ ئۈچ ئىش ئۈچۈن ئاغزىڭنى دائىم باشقۇرۇپ يۈر: بارار يولۇڭ، پۇل.ۋە نام ـ ئابرۇيۇڭ.

سۆزلەشتىن بۇرۇن ئاڭلاپ چۈشەنمەك كېرەك. ناتىق بىلمەستىن سۆزلىمەس. كىشىنىڭ قانداقلىقى سۆزىدىن بىلىنۇر.

ھېكمەتمۇ يامغۇرغا ئوخشاش، ئۇ ئۆز مەنبەسىدە چەكسىزدۇر.

ئىنسانىنى تونۇماق بولساڭ ئۇنى گەپكە سال.

تىلىڭنى باشقۇرۇشتىن ئاۋۋال دىلىڭنى باشقۇر، چۈنكى سۆز دىلدىن كېلىپ، تىلدىن چىقار.

سۆز لىباس، مەنە ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن سىر.

ئەي تىل، سەن نېمىدېگەن تۈگىمەس خەزىنە، ھەم نېمىدېگەن تۈگىمەس دەردا!

## كىشىلىك مۇناسىۋەت ئەدەپلىرى ھەققىدە

بۇيرۇق ھەرقانداق تەلەپ خاھىشلاردىن ئۈستۈن.

ئاداۋەت كۆڭۈللەرنى قۇرت كەبى غاجايدۇ.

سەزگۈر كۆز ھېچبىر شەيئىنى بىر كۆرمەس.

سەن باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈپ، مېنىڭ خىزمەتچىم دەپ كۆرەڭلىمە، بىلگىنىكى، ھەقىقىي گۆھەر خارابىلىكتىن چىقىدۇ.

ناچار ئوي ـ خىياللار بىلەن ئۆزۈڭنى ھاڭغا ئىتتىرمە.
ئىنساندىكى ناچار خاھىشلار، رەزىللىك، پەسكەشلىك تۇلۇمدىن چىققان سۇدەك ئۆزىگە يانىدۇ.
ھەربىر ناچار خۇينىڭ بىر تىكىنى بار. خۇيى يامان كىشى خۇددى قىزىق تۆمۈرگە ئوخشاشتۇر.
يامان خۇي ئىنسان ئىچىدىكى بىر ئاپەتتۇر.
ئىشەنچسىزلەر جاھىل مايمۇنغا ئوخشاشتۇر.
ئەي ئايغا قاراپ تۈكۈرگەن كىشى، ئەي كۆكنىڭ يۈزىگە شالىنى چاچقۇچى، ئەجەبا كۆككە قاراپ تۈكۈرگەن تۈكۈرۈك ئۆزۈڭگە چۈشمەسمۇ؟

## ھاۋايى ـ ھەۋەس، ھېرىس ھەققىدە

ھېرىسنى كىچىك كۆرمە ئەي كۆڭۈل، ھېرىس ئەجدىھادۇر. ھېرىس پەسكەشلىكلەرنى، يامانلىقلارنى گۈزەل كۆرسىتەر.
تۆمۈر قىزىپ قىزىل ھالغا كەلمىگۈچە، ئۇنى ئوتتىن ئالما. بىلگىنكى، بەدەن ئاچ قالمىغۇچە، ھەرىكەتتىن قالماس. تۆمۈر سوغۇق نەرسە، بۇنى ئەسلا ئۇنۇتما.
ھەقىقىي ئىنسان ھېرىستىن، تەمەدىن، خىيالدىن، ۋەھىمىدىن يىراقتۇر.
شەھۋەت ئاتەشكە ئوخشاشتۇر، ئۆلگىيدۇكى، تۆۋەنلىمەيدۇ. شەھۋەت تەشنالىقى ئىستەككە ئېرىشىش بىلەن پەسلەر. ئاتەشكە چۈشكەن ئوتۇننىڭ كۈلىگە قارا.
دۇنيا زەۋقىنى سورىماق بولساڭ، يېنىڭدىكى ئاياللارغا، بالىلارغا، ئۆمۈر قۇياشىڭنى خورىتىپ تاپقان مال ـ دۇنيالارغا قارا، ئەنە شۇلار ئىنسان نەپسىنى غىدىقلىغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار دۇنيا زەۋقىدۇر.

## ھەسەت ھەققىدە

يۇسۇپنىڭ گۈزەللىكىنى قېرىنداشلىرى كۆرەلمىدى، لېكىن ياقۇپنىڭ قەلبىدىن چىقىرالىدىمۇ؟
ھەسەتتىن يىراق شۇ كىشى نەقەدەر بەختلىك ئىنسان ـ ھە ؟!
ھەسەت ـــ كۆزى بويىنىدا، تىلى يۈرىكىدە بولىدىغان دىۋە سۈرىتىدە.

## ھالال ۋە ھارام ھەققىدە

سېخىي نۇردىن پىشقان لوقما ھالالدۇر.
ئىلىم، ئىنسان سۆيگۈسى ھالال رىزىق ئارقىلىق مەرھەمەت تاپار، ۋۇجۇدقا كېلەر.
ھەسەتتىن كەلگەن رىزىق سېنى باشقىلار ئالدىدا يەر قىلىدۇ. بىلگىنكى، ھەسەت ئارىلاشقان رىزىق ھارامدۇر.

## ئاچ كۆزلۈك، قانائەت ھەققىدە

قانائەتلىك ئىنسان ئۆلمەس، ھېرىسقا تۇتقۇن پادىشاھ قۇلدۇر.
كېيەر ئايىغىم يوق دەپ ئۈمىدسىزلەنمىدىم، چۈنكى ئالدىمدا پۇتى يوق بىر ئىنساننى كۆردۇم.
ئاچ كۆزگە ئىلىم ئۆگىتىش ئېشەكنىڭ قولىغا قىلىچ تۇتقۇزغانغا ئوخشاش.
ئاچ كۆزلۈك ۋە دۇنيا نېمەتلىرىنى ئالىقىنىغا كىرگۈزۈش ھېرىسى ئىنساننى ھەققى بولمىغان شەي-

ئىلەرگىمۇ قول ئۇزىتىشقا زورلار.

### مەككارلىق ھەققىدە

ئەي قۇرۇق ۋەز ئېيتقۇچى، ۋەزلىرىڭنى قويۇپ قاراپ باق، ئەمەلىيەتتە سەنمۇ ئالدىناماقتىسەن.

### پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدە

تىلى چىقمىغان بالىغا ئىلىم ئۆگەتمەك بولساڭ، بالىنىڭ زېھنى ـ قۇۋۋىتىگە، مەنىۋىيىتىگە چوڭ ـ قۇر چۆككىن، بالىنىڭ تىلى بىلەن ئەمەس دىلى بىلەن مۇڭداشقىن، شۇنداق قىلساڭ، تىللىرى شېكەر، قوللىرى ھۈنەرلىك بولغۇسى.

بالا ئۆگىنىش ھېرىسى بىلەن تۇغۇلار، چۈنكى ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىمۇ بىر سىر.

ئىنسان زېمىننى بېزەش ئۈچۈن ئاۋارە، ئەپسۇسكى، ئۆز پەرزەنتىنى بېزەشكە ھېچ ئەقىل يوق.

### ئىشەنچ ھەققىدە

ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرەلىگەن ئادەم بەختلىك ئادەمدۇر، ئىشەنچلىك ئادەمدۇر.

تەسەۋۋۇر ئادەمنىڭ كۆزىنى كور قىلىدۇ. (تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىش توغرا ئەمەس.)

ئەي ئىشەنچلىك كىشى، سۆزلىرىڭ بىلەن ئىشەنچ بەر.

جۇشقۇن ئىنسانلارنىڭ باسقان ئىزلىرى ھامان باشقىلاردىن پەرقلىق بولۇر.

سەمىمىيلىك سۇيىدە يۇغۇرۇلغان ئىش خەيرلىك بولۇر.

ئۈمىد ـــ ئىشەنچ يولىنىڭ بېشى. مەيلى نېمىلا ئىش قىلما، ئۈمىدىڭنى ئۈزمە.

ئىشەنچ تەڭرىدىندۇر.

ئىشەنچ بىلەن ئىشەنچ ئوتتۇرىسىدىمۇ پەرق بار.

### ئۈۋچىلىق ھەققىدە

ھېرىسمەن بولساڭمۇ قۇشچىلىك ئەقلىڭ بولسۇن، قۇش دەرەخ ئۈستىدە بولغان بىلەن ئەتراپتىن خەۋەرسىز ئەمەس. بىلگىنىكى، ھېرىس قۇشلىرى غىزا بولۇر.

ياخشىلىق قىلىش گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئۇ گۈزەللىك باشقا بىر نۇرنىڭ يورۇتۇشى بىلەن ئەمەس، ياخ ـ شىلىق نۇرى بىلەن نۇرلۇقتۇر.

شۇنداق قۇشلار باركى، قەپەز ئىچىدە رىزقى تەييار، ئەمما ئۇچۇش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان. شۇنداق بېلىقلار باركى، چەكسىز دېڭىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلماي، ئازغىنە يېمەك ئۈچۈن ئەجەل تو ـ رىدا جان تالىشىدىغان.

شۇنداق ياخشى تەبىئەتلىك كىشىلەر باركى، يېمەك تەمەسىنى ئەجەل سىرتمىقى بىلىدىغان. شۇنداق بىر ئىنسانلار باركى، ھېرىس كورلىقىغا ھېچ ئۆزرىسى يوق.

### ئەدەپ ـ ئەخلاق ھەققىدە

نازلىرىڭ شېكەردىن تاتلىق بولسىمۇ كۆپ نازلانما.

پۈتۈن جاھاننى كېزىپمۇ گۈزەل ئەخلاقتىن بۈيۈك ھېچنېمە كۆرمىدىم.
تۆمۈر كەبى جاھىل، ئالتۇن كەبى دانادىن باشقا قىيامەتنى ياپىدىغان شەيئى ئەخلاقتۇر.
ھەقىقىي ئەخلاق سەمىمىيەتتىن باشلانغۇسى.
تەربىيە ئەقىلنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر.
ئەدەپسىز ئۆزىگىلا ئەمەس، ئەتراپىدىكى باشقىلارغىمۇ ئوت چاچار.
ئىنسان بىلەن ھايۋان ئارىسىدىكى پەرق ئەدەپتۇر.
ئىلىم ۋە ئەدەپ ئىنساننىڭ ئەڭ بۈيۈك بارلىقىدۇر. ئۇ كونىرىماس، چىرىمەستۇر.

**ئەر ـ ئاياللىق ھەققىدە**

رەتلىك، پاكىز ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرىدۇ، پاك ئاياللار سۈزۈك سۇغا ئوخشاش، نا-
چار خۇيلۇق ئەرلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىدۇر.
ئاياللارغا تەن جازاسى بېرىش پەرز ئەمەستۇر.
ناپاكلىق يولىنى تۇتقان ئاياللاردا ئاياللىق نۇرى ئۆچەر.
ئەرلىرى چاقىرسا باش تارتقان ئايال قىيامەت كۈنىدە ئاياللىق شەكلىدە تىرىلمەس.
ئازازۇل ئايال بىلەن تەڭ بولغاننىڭ ھېچ پايدىسى يوقتۇر.

(بۇ ھېكمەتلەر 2012 ـ يىلى تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان «مەۋلانا دەرگاھىدىن سۆزلەر»
ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىنغان)

(تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىرانتى)



توپلاپ رەتلىگۈچى: ھەلىمگۈل ئابلىز

# ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك بىلىملىرى توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** يەرلىك بىلىملەر دېگىنىمىز، بەلگىلىك بىر تەبىئىي جۇغراپىيەلىك مۇھىتتا ياشاۋاتقان كىشىلەر توپىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ياراتقان، جۇغلىغان، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قوللىنىپ ۋە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولغان بىلىم ۋە ماھارەتلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. يەرلىك بىلىملەر مەلۇم بىر مىللەت ياكى ئىجتىمائىي توپنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە مىللەتنىڭ تىرىكچىلىك شەكلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىجتىمائىي تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، ھەتتا ئەخلاق قاراشلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەم بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۆزلىرى ماكانلاشقان قۇملۇق قورغاق رايوننىڭ ئالاھىدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىغا ماسلىشىش جەريانىدا ئۆزگىچە بولغان بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولغان ئېكولوگىيەلىك بىلىملەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەرلىك بىلىملىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، تېبابەتچىلىك، بىيولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا قولايلىق بولۇش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك بىلىملىرى تېمىسىدىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن ماتېرىيال بولۇش مۇمكىنچىلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، بۇ ھەقتىكى ماقال ـ تەمسىللەرگە قارىتا بىر قەدەر ئىنچىكىلىك بىلەن توپلاش ۋە رەتلەش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە چارۋىچىلىققا ئائىت يەرلىك بىلىملەر، دېھقانچىلىققا ئائىت يەرلىك بىلىملەر، ئورمانچىلىققا ئائىت يەرلىك بىلىملەر، باغۋەنچىلىككە ئائىت يەرلىك بىلىملەر، ئاسترونومىيە، ھاۋارايى ۋە كالېندارچىلىققا ئائىت يەرلىك بىلىملەر، تېبابەتچىلىككە ئائىت يەرلىك بىلىملەر، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.

## بىرىنچى، چارۋىچىلىققا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر

1. ئات ئالساڭ تۇياق ئال،
قوي ئالساڭ قولاق ئال.

2. ئات ئالساڭ چىشىغا قارا،
دوست تۇتساڭ تەكتىگە قارا.

3. ئات باغلاقتا سەمرەر.

4. ئات باقساڭ تاتىلاپ باق،
كالا باقساڭ سىلاپ باق.

5. ئاتنىڭ ئۇسلى قاتىرائىغۇ،

يەرنىڭ ئۇسىلى تاتىراڭغۇ.
6. ئاتنىڭ ياخشىسى جەدە،
يەرنىڭ ياخشىسى تەردە.
7. ئاتنىڭ ياخشىسى قاشقا كېلۇر،
ئادەمنىڭ ياخشىسى ئاشقا كېلۇر.
8. ئاتنى ئىشلەتمىسە، ئېشەكتىنمۇ خىرەلە-
شىپ كېتىدۇ.
9. ئات ھېرىپ قالسا بىر پىچاق،
ئېشەك ھېرىپ قالسا بىر چۆچەك قوناق.
10. ئات يۆتەلسە ئوقۇر سال،
كالا يۆتەلسە پىچاق سال.
11. ئات يىقىلسا پىچاق سال،
ئېشەك يىقىلسا قوناق سال.
12. بۆرە ھۇۋلىمىسا قويلار قوتۇر بولۇر.
13. بېدە ئاتنىڭ ئوزۇقى،
توپا - سامان دوزىخى.
14. تۆگە يانتاقنى تونۇيدۇ.
15. چىۋىگىن ئوت بەرسە مال سەمرەر.
16. ساغلىق قوينىڭ تېشى يامان،
ئەركەك قوينىڭ بېشى يامان.
17. سەركىسىز پادا يولدىن ئازار.
18. سۇنبۇلە توغسا ئات سەمرەر.
19. شالاڭ قۇيرۇق، نېپىز تۇياق، كالتە يال
ئات ئات ئەمەس.
20. قوچقار بولىدىغان قوزىنىڭ قاق ماڭلىيى
دۆڭ كېلەر.
21. قوي ئالساڭ چوڭ قۇلاقنى ئال،
ئۆچكە ئالساڭ چۇناقنى ئال.
22. قوي باقساڭ يىغىپ باق،
ئىنەك باقساڭ سېغىپ باق.
23. قوي بىلىنەر قوزا چېغىدا،
كېۋەز بىلىنەر غوزا چېغىدا.
24. قوي توغۇپ سۈت چىقمىسا، نان بىلەن
بوغۇزدا باق.
25. قوي قۇيرۇقىغا يىغار، بۇقا بويىنىغا.
26. قوي قىردا سەمرىيدۇ، پىت كىردا.
27. قوينى سالجا يەيدۇ،
سارجىنى كۆيە يەيدۇ.
28. قوي ھايداقتا سەمرىيدۇ،
ئات باغلاقتا (سەمرىيدۇ).
29. قويۇڭنى قىرقىپ ساتساڭ تاۋار،
قىرقىماي ساتساڭ چاۋار.
30. كالاڭنىڭ قورسىقى كۆپسە ئاغزىغا كال-
تەك سال.
31. كالىغا ھەلەپ ياخشى،
بىنەم يەرگە سەلەپ ياخشى.
32. كۈزلۈك ئىنەكنىڭ قايمىقى تولا،
كەنجى نوگاينىڭ مايمىقى تولا.
33. مال قىلساڭ ئىت قىل،
باغ قىلساڭ چىت قىل.
34. مالنىڭ ياش - قېرىلىقى چىشىدىن مەلۇم،
ئادەمنىڭ ياخشى - يامانلىقى ئىشىدىن مەلۇم.
35. ئورۇق مېلىڭغا تۈز يالات،
سېمىز مېلىڭغا مۈز يالات.
36. ئوغلاق تېرىسى داپ بولىدۇ،
ئۆچكە تېرىسى قاپ.
37. ئۆچكىدە مال ئەتمە، شاپتۇلدا باغ.
38. ئېتىڭنى كۆزدە سۇدىن تارتما،
ئەتىيازدا ئوتتىن تارتما.
39. ئېتىڭنىڭ پۇتىغا قان چۈشسە سۇغا
باغلا،
ئېشىكىڭنى سۆگەل باسسا قىزىل ياغدا ياغلا.
40. ئېشەكنىڭ قېرىشى چىشىدىن بىلىنەر،
ئادەمنىڭ قېرىشى ئىشىدىن.
41. ئىزلىك بولسا ئەر ئۆلدىماس،
42. يەرگە ئوغۇت بەرمىسەڭ بېزىرىپ قاتىدۇ،
مېلىڭغا چۆپ بەرمىسەڭ گېزىرىپ ياتىدۇ.

**ئىككىنچى، دېھقانچىلىققا ئائىت ماقال - تەمسىللەر**

1. ئاتنىڭ ئۇسىلى قاتىراڭغۇ،
يەرنىڭ ئۇسىلى تاتىراڭغۇ.
2. ئاپتاپ يەرنى تاۋلايدۇ، جاپا ئەرنى.
3. ئارپا ئاتمىش كۈندە پىشار،
بۇغداي توقسان كۈندە پىشار.

4. ئارپىنى ياش ۋاقتىدا سۇغار،
بۇغداينى باش ۋاقتىدا سۇغار.
5. ئاستىنى ئۆرۈپ ھەيدىسەڭ، دۆۋلەپ ھو ـ سۇل ئالىسەن.
6. ئاشنى ئورىدا ساقلا، قوينى قوتاندا.
7. ئاق لەيلى بار يەرگە ئاش تېرىما.
8. ئالا كېۋەز ئاتقا مىندۈرەر،
قېلىن كېۋەز قىرغا مىندۈرەر.
9. ئالتىنچى ئايدا يەر ھەيدىسەڭ، ساپان ئال ـ دىدىن ياغ تامار.
10. ئالما چېچەكلىگەندە ئالتۇن بېرىپ بۇغداي سۇغار.
11. ئامۇت چېچىكىدە بۇغداي سۇغارساڭ ئو ـ راڭنى چوڭقۇر قىل.
12. ئايرىپ ـ ئايرىپ ھەيدىسەڭ ئارىدەك بولۇر،
يېرىپ ـ يېرىپ ھەيدىسەڭ يىڭنىدەك بولۇر.
13. ئەتىيازدىكى سۇسىز يەر،
كۆزدە بولۇر تېتىر يەر.
14. باغقا بۇغداي تېرىسا، بۇدۇشقاق بولۇر،
ئۆيدە خەجە بولمىسا، خوتۇن ئۇرۇشقاق بولۇر.
15. بالدۇر تېرىغان ئاش ئالار،
كېيىن تېرىغان شاخ ئالار.
16. باھار كەلمەي مۇز ئېرىماس،
توقسان تولماي يەر تېرىماس.
17. بۇغداي تېرىساڭ توڭغا،
ئىشلەڭ تارتار ئوڭغا.
18. بۇغداي تېرىساڭ كۆزگى تەر،
ئارپا تېرىساڭ بوزغا تەر.
19. بۇغداي تېرىساڭ يەڭگىلرەك كۆم،
قوناق تېرىساڭ چوڭقۇرراق كۆم.
20. بۇغداي دېگۈدەك:
مېنى مۇزغا مىلىسەڭ، سېنى ئوڭغا مىلەيمەن.
21. بۇغداي قورقار چىملىقتىن،
بەدەن قورقار جىملىقتىن.
22. بۇغداي قىغ بىلەن ئوخشار،
قوناق تىغ بىلەن ئوخشار.
23. بۇغداينى كۆمسەڭ مۇزغا،
سېڭگىنى كۆمسەن ئاشقا.
24. بىر كۈن بالدۇر تېرىساڭ،
ئون كۈن بالدۇر ئالارسەن.
25. بىر كۈن كەنجە تېرىساڭ،
ئون كۈن كەنجە پىشىدۇ.
26. پىشقان قاپاق تورلىشىدۇ،
يەر بۇزۇلسا شورلىشىدۇ.
27. تاغنى ئاچساڭ بوز قىلىپ،
ئۆينى باسار سەل قىلىپ.
28. تاللاپ تېرىساڭ بىر تالنى،
كۆزدە ئالىسەن مىڭ تالنى.
29. تەكشى چاچساڭ تاختىدەك ئۈنەر،
ئالا چاچساڭ پاختىدەك ئۈنەر.
30. توپا ئالساڭ دۆڭدىن ئال.
31.توپنى قانچە ئېگىز يۆلىسەڭ،
قوناق شۇنچە يوغان بولۇر.
32. توختىمىغان يارغا چوڭ قوزۇق قاق.
33. توڭدا يەر تېرىساڭ،
ئوڭدا يېتىپ يەيسەن.
34. تېرىق تاپساڭ تاشقا چاچ.
35. تېرىق تېرىغان يەر ـــ كېزىكتىن قوپقان ئەر.
36. تېرىق قولىقىدىن،
بالا كىچىكىدىن.
37. تېرىق ئوخشىسا پاخىلى كۆپ چىقار.
38. تېرىغان يېرىڭ نەم بولسۇن،
كىرىدىغان يېرىڭ كەڭ بولسۇن.
39.خاڭ قېرىسا داشقال چىقىدۇ،
يەر قېرىسا چاشقان.
40. خامان ئىشى يەل بىلەن،
ئادەم ئىشى ئەل بىلەن.
41. دان سۈيى ـــ جان سۈيى.
42. دەلۋىنىڭ ئاپتىپىغا ئالدانما،
دۆشمەننىڭ كۈلكىسىگە ئالدانما.
43. دېھقان بولساڭ قىغدىن ئايرىلما.
44. دېھقان بولساڭ ۋاقتى ـ سائىتىنى بىل،
تېرىقچىلىقنى ئۆز ۋاقتىدا قىل.
45. دېھقانچىلىق كۈندۈز ـ كېچە،

چارۋىچىلىق كۆچە ـ كۆچە.

46. دۈشمىنىڭ بىلەن بەسلەشسەڭ قارا ئاش تەر.

47. زىرائەتنىڭ كۆكىگە ئىشلىمەي تۈۋىگە ئىشلە.

48. زىرائەت يەرنىڭ ئۆگەي بالىسى، ياۋا ئوت ئۆز بالىسى.

49. زىغىر تېرىغان يەر ـــ كېزىك بولغان ئەر.

50. زىغىر دېگۈدەك: مېنى لايغا مىلىسەڭ، سېنى مايغا مىلەيمەن.

51. زىغىرنى قوي يېگۈدەك چاچ.

52. سامساق تىكسەڭ باش كۈز تىك.

53. سايغا بۇغداي تېرىسا،
بۇغداي بۇدۇشقاق بولغۇدەك.

54. سۇسىز بېلىق بولماس،
قىرسىز تېرىق بولماس.

55. سۇ كېلىشتىن ئىلگىرى تۇغان سال،
يار كەتمىسۇن يوغان سال.

56. سۇلۇق بولساڭ شال قىل،
بالىلىق بولساڭ مال قىل.

57. سۇمبۇلدا سۇ سال، مىسراندا تەر، سەرەتاندا ئور.

58. سۇ يوق دېگەن ھۇرۇنلۇق،
قۇدۇق قازماق ئورۇنلۇق.

59. سېرىق نەمگە قوناق تەر،
قارا نەمگە كېۋەز تەر.

60. سېغىز يەر ـــ مېغىز يەر،
شور يەر ـــ پور يەر.
قۇم يەر ـــ شور يەر.

61. شالاڭ شالدا كۆپ يېكەن،
مىللەتۋازنىڭ كۆڭلى تىكەن.

62. شامال چىققاندا ئات، توختىغاندا يات.

63. شالاڭ بۇغداي باش كۆرسىتەر،
قېلىن بۇغداي چەش كۆرسىتەر.

64. شال سۇغا قانماس، چال ئۆيگە.

65. شورتاڭ يەردىن ئاشلىق چىقماس،
مەزھەپ كۆپ يەردىن باشلىق چىقماس.

66. شورلۇق يەردە سۇمبۇل ئۈنمەس.

67. شورلۇق يەرگە ئوسا بىكار،
قېرى خوتۇنغا ئوسما بىكار.

68. شورى تولا يەردىن قورق،
بىكار تەلەپ ئەردىن قورق.

69. قار ياغدى ـــ ئۈن ياغدى.

70. قوناق دانغا ماڭغاندا ساقىلى كۆپ چىقار،
تېرىق ئوخشىسا پاخىلى كۆپ چىقار.

71. قوناق شالاڭلىقتىن،
بۇغداي قويۇقلىقتىن.

72. قوناقنى دۆڭگە تېرى،
بۇغداينى ئويغا تېرى.

73. قوناقنى دۆڭگە تېرى، بېدىنى ئويغا.

74. قوناقنىڭ پۆپۈكى ئاقارسا، مەدىكى قاتىدۇ.

75. قوناقنى ئوتاپ تۈر،
تېرەكنى پۇتاپ تۈر.

76.قۇشقاچ باسقان يەردىن قاچ.

77. قىزىق ئۆتمەي نان پىشماس،
تومۇز كۆرمەي دان پىشماس.

78. قىغ يىغقان ئاش يىغىدۇ.

79. كەتمەن چاپساڭ ئەپلەپ چاپ،
يەر تومۇرىنى ئىزدەپ چاپ.

80. كەكرىنى ئاشقا سالما،
كەتمەننى تاشقا سالما.

81. كۆپ چاي ئىچكەن ئەر قېرىماس،
شۇدىگەرلىگەن يەر قېرىماس.

82. كۆكتات تېرىساڭ ئوتاپ تۈر،
كۆچەت تىكسەڭ پۇتاپ تۈر.

83. كۈزنىڭ پوقى ئەتىيازدا ئالتۇن.

84. كېۋەزنى قارا نەمگە تېرى،
قوناقنى سېرىق نەمگە تېرى.

85. كېۋەزنىڭ تاختىسى تاپتىن، پاختىسى ئاپتاپتىن.

86. ناشتا قىلغان ئادەم قېرىماس،
شۇدىگەر قىلغان يەر قېرىماس.

87. مايسىنىڭ بېشىغا چىققان سېغىز
ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان ئېغىز.

88. مايسىنى ئوبدان ئۆسسۇن دېسەڭ، ھاشا-

راتنى يوقات.

89. موزايلىق ئىنەك خامانغا يارىماس،
شاتىراق ئىنەك پايخانغا يارىماس.

90. مۈشۈكنى ياخشى ئۆيىنىڭ تاغىرى ساق.

91. ھايۋاننىڭ كۆپىيىشى نەسىل بىلەن،
دېھقاننىڭ ئىشى پەسىل بىلەن.

92. ھوت، كەتمەن سېپىنى تۇت.

93. ئوت باسقان يەردە زىرائەت بولماس.

94. ئوتنىڭ ئانىسى گۇگۇت،
ئاشلىقنىڭ ئانىسى ئوغۇت.

95. ئوت ئۆچەرسەڭ چوغىنى قويما،
ئوتاق ئوتىساڭ يىلتىزىنى قويما.

96. ئورما بولۇمدە توگەر.

97. ئورما كەلمەي ئىشىڭنى تۈگەتمە.

98. ئوسا سۈيى ــ ماي سۈيى
دان سۈيى ــ جان سۈيى.

99. ئوساڭ چالا بولسا، مايساڭ ئالا بولۇر.

100. ئوغۇت بىلەن يەر كۆچلىنەر،
ئەمگەك بىلەن ئەر كۆچلىنەر.

101. ئوغۇت سالساڭ قامالالاپ،
ئاش ئالىسەن پاتمانلاپ.

102. ئوقۇرنى ئېگىز قىلساڭ، ئاتتىن قۇرۇق قالىسەن،
كۆلچەكنى تېيىز چاپساڭ، سۇدىن قۇرۇق قالىسەن.

103. ئۇرۇشقاق خوتۇن ئەرنى قېرىتار،
گازىر يىلتىزى يەرنى قېرىتار.

104. ئۇرۇقۇڭ غول بولسا، مايساڭ مول بولۇر.

105. ئۇرۇق تاپساڭ داڭگالغا تاشلا،
سۆڭەك تاپساڭ جاڭگالغا تاشلا.

106. ئۇرۇقنى بېشى بىلەن ساقلا،
جىڭنى تېشى بىلەن ساقلا.

107. ئۇرۇك قىزىلكوس، بۇغدايغا سۇنى توس.

108. ئۈچ ھەيدىگەن يەر ــ ئالتۇن.

109. ئېرىق چاپساڭ ئۇستىدىن چاپ،
تاش قازساڭ ئاستىدىن قاز.

110. ئېگىز يەرنى يونۇپ تۇرساڭ،
تۆۋەن يەر ئۆزىنى ئوڭشار.

111. ياخشى ئۇرۇقتىن ياخشى پىياز.

112. يازدا سالمىساڭ ئۇرۇق،
كۈزدە قالىسەن قۇرۇق.

113. يامان ياخشى بىلەن سورىلار،
بۇغداي سامان بىلەن سورىلار.

114.يامغۇر ياغدى ــ ياغ ياغدى،
قار ياغدى ــ نان ياغدى.

115. يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولۇر،
خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق بولۇر.

116. يەر تېرىساڭ توڭدا،
يېتىپ يەيسەن ئوڭدا.

117. يەر تېرىساڭ رەت بىلەن،
موللا بولساڭ خەت بىلەن.

118. يەر تېرىساڭ ئۇرۇق تاللاپ،
ئاش ئالىسەن پاتمانلاپ.

119. يەرنىڭ ئەسكىسى يوق، قىمغى يوق،
ئەرنىڭ ئەسكىسى يوق، پۇلى يوق.

120. يەرنىڭ خۇشلۇقى يامغۇر،
تەننىڭ خۇشلۇقى چامغۇر.

121. يەرنىڭ دەردى بولسا شورلايدۇ،
ئادەمنىڭ دەردى بولسا تۈۋلايدۇ.

122. يەرنىڭ غېمى ــ ئوغۇت،
ئاننىڭ غېمى ــ تۇغۇت.

123. يەرنى ئوت باسقىنى ــ ئېگىسىنى نەس باسقىنى.

124. يەرنى ئوغۇتقا تويدۇرساڭ،
قورساقنى ئاشقا تويدۇرىسەن

125. يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە،
كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە.

126. يەر ھەيدىگىن بۇقىدا،
شالنى سوققىن سوقىدا.

127. يەر ئوغۇتتىن بىلىنەر،
ھوسۇل چاناقتىن بىلىنەر.

128. يۇپقا قوناقتا تاغار توشار،
قېلىن قوناقتا خالتا توشار.

### ئۈچىنچى، ئورمانچىلىققا ئائىت
### ماقال ـ تەمسىللەر

1. بىنەم ئېچىپ جىرىم قوي،
چوڭنىكىنى چوڭقۇر ئوي.
2. پالتا تەگمىگەن ياغاچ بولماس.
3. پۇتالمىغان ياغاچ تىكەنلىك.
4. تۇغان بېشىدا دەرەخ ئۇڭماس،
باينىڭ قېشىدا گاداي ئۇڭماس.
5. توغراق چاتاشنى بىلمىگەنلەر توقايسىز قالۇر.
6. چوڭ دەرەخنى يۆتكىسە تۇتماس.
7. چىنار قېرىماس، ئارچا چىرىماس.
8. دەرەخ تىكسەڭ ساقلار تۇپراقنى،
مۇنبەت قىلار بىنەم تۇپراقنى.
9. دەرەخ قورقىدۇ چىملىقتىن،
بەدەن قورقىدۇ جىملىقتىن.
10. دەرەخنىڭ ئاينىشى بولاقتىن،
بىلىمنىڭ مەنبەسى قولاقتىن.
11. دېھقان بولساڭ يەرگە ئىشلەپ ئورۇق سال،
كۆچەت تىكسەڭ مال كىرگۈزمەي قورۇق ئال.
12. سۆگەت سۇغا تويماس.
13. قوناقنى ئوتاپ تۇر،
تېرەكنى پۇتاپ تۇر.
14. كۆچەت تىكتىم تام ئاشتى،
تىكمىگەننى قوم باستى.
15. كۆچەت تىكسەڭ پۇتاپ تۇر.
كۆكتات تېرىساڭ ئوتاپ تۇر.
16. كۆچەتنى پۇتىمىسا دەرەخ بولماس.
17. كۆچەت قويساڭ دىتلاپ قوي،
ئەتراپىنى چىتلاپ قوي.
18. كۆچەت قويساڭ رەتلەپ قوي،
قورۇغانلىرىنى سەپلەپ قوي.
19. كۆچەتنى خىللاپ قوي،
تاشلىماي يىللاپ قوي.
20. ئورەكنى چوڭقۇر ئوي،
ئاندىن كۆچەتنى قوي.
21. ئورمان تىكسەڭ ئەتىياز،
كۈز ھەم قىشمۇ ساڭا ياز.
22. ئورمان سالساڭ كۈزلەپ سال،
ئورەكلەرنى تۈزلەپ سال.
23. ئورمان كۆپ بولسا ھۆلچىلىك بولۇر،
جۈت يىللاردىمۇ مولچىلىق بولۇر.
24. ئورمىنى بارنى پۇل باسار،
ئورمىنى يوقنى قۇم باسار.
25. ئورمىننىڭ غول، ئاشلىقنىڭ مول.
26. ئوغۇت يەرنىڭ ئوزۇقى،
ئورمان يەرنىڭ قوزۇقى.
27. ئۇزارتقۇڭ كەلسە ئۆمرۈڭنى،
ئورمانغا چۈمكە چۆرەڭنى.
28. ئۆي سالساڭ دۆڭگە سال،
دەرەخ تىكسەڭ ئويمانغا.
29. ئۆينى ئېگىزگە سال،
كۆچەتنى پەسكە سال.
30. يول بويىدا بولسۇن جۈجەم، كۆل بويىدا تال،
سۇغا يېقىن دەرەخ تىك، تېز بولىدۇ تال.
31. يىلتىزى يوق دەرەخ ئايدا تۇتار،
يىلتىزى بار دەرەخ سايىدا تۇتار.

### تۆتىنچى، باغۋەنچىلىككە ئائىت
### ماقال ـ تەمسىللەر

1. ئالتۇن كۆلدە بولۇر، ئانار چۆلدە.
2. ئامۇت قوي نەۋرەڭگە،
ياڭاق قوي چەۋرەڭگە.
3. ئامۇت كۆلدە بولۇر،
ئانار چۆلدە بولۇر.
4. ئانارنى چۆلگە تىك،
ئەنجۈرنى كۆلگە.
5. ئانار چۆلدە ئوخشايدۇ،
ئەنجۈر كۆلدە ئوخشايدۇ.
6. ئەنجۈرنى كۆلگە تىك،
چىلاننى چۆلگە تىك.
7. ئەنجۈرنىڭ ھارام شېخى يوق.
8. باغ قىلساڭ چىت قىل،
مال قىلساڭ ئىت قىل.

9. باغنى يازدا چۆل قىل، قىشتا كۆل قىل.
10. بېھى سالساڭ كۆلگە سال،
ئانار سالساڭ چۆلگە سال.
11. تال دەيدىكەن:
ئېتىم يانتاق، ئىگەم جاللات بولسا.
12. تالغا تىغ، كۆكتاتقا قىغ.
13. تالغا يانتاق كۆم،
قاپاققا تېرە كۆم.
14. تامچە سۇدا تال كۆكىرەر.
15. جىرىم مىقلانغۇچە،
ئۈزۈم شاخلانغۇچە.
16. چىلانغا چۆل ياخشى،
ياڭاققا كۆل ياخشى.
17. دۆڭ تاغ بولماس،
ئازغان باغ بولماس.
18. دۈشمىنىڭنى يېنىڭغا يولاتما،
قارىياغاچنى بېغىڭغا يولاتما.
19. سۇنىڭ ياخشىسى بۇلاقتىن،
مېۋىنىڭ ياخشىسى ئۇلاقتىن.
20. شاپتۇل قوي ئۆزۈڭگە،
ئۆرۈك قوي بالاڭغا،
ئامۇت قوي نەۋرەڭگە،
ياڭاق قوي چەۋرەڭگە.
21. قارلىغاچ كەلگۈچە قۇلاق تەش،
كاككۇك كەلگۈچە ئۈزۈم يەش.
22. قوغۇننىڭ ئوبدىنى ئۇزۇن پېلەكتە،
چىشنىڭ ئوبدىنى تۆۋەن بىلەكتە.
23. قوي باقساڭ قاشا قىل،
ئالما تىكسەڭ ئاچا قىل.
24. قۇملۇق يەرگە شاپتۇل تىكىپ باغ قىلما.
25. قېرى كۆچەتنىڭ مېۋىسى كېسەل،
ياش كۆچەتنىڭ مېۋىسى ھەسەل.
26. كۆككۆرەك كەلمىگۈچە تەك ئاچما.
27. مېۋەڭ لاۋزا بولسا ئۇلاپ باق،
بولمىسا تۈۋىنى يۇمشىتىپ كولاپ باق.
28. ئوبدان بولسا پېلىكى،
ئوخشار ئۇنىڭ خەمىكى.
29. ئۈزۈم بىدىشتە ياخشى

**بەشىنچى، ئاسترونومىيە، ھاۋارايى ۋە كالېندارچىلىققا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر**

1. ئاخشامدا بۇلۇت كۆپەيسە، ئەتىسى ئاپتاپ سىن،
ئەتىگەندە بۇلۇت كۆپەيسە، كەچتە ئوت سىن.
2. ئايغا قاراپ ئېرىقساڭ، تۆمۈر قوزۇققا تەزىم قىل.
3. ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار،
كۈن قوتانلىسا كۈندە ياغار.
4. ئاينىڭ نۇرى قۇياشتىن.
5. ئەتىيازدا ياغقان يامغۇر گۆھەردىن قىممەت.
6. ئەتىيازدا توخۇ تويماس.
7. ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىدىن قاچ،
كۈزنىڭ ئاپتىپىدا يات.
8. بارچە بۇلۇتتىن يامغۇر كۈتمە.
9. بارس يىلى — بايلىق،
قويان يىلى — قەھەتچىلىك.
10. بارس يىلىدا بارىڭنى چاچ،
ھېچبولمىسا تېرىق چاچ.
11. بوران بولسا ئارام يوق،
يامغۇر ياغسا توزان يوق.
12. بوراننىڭ ئالدى تىنجىق، كەينى يامغۇر.
13. بوراننىڭ ئەلچىسى قۇيۇن،
ئۇرۇشنىڭ ئەلچىسى ئويۇن.
14. بوراننى يامغۇر ياپىدۇ،
ئوسۇرۇقنى چامغۇر ياپىدۇ.
15. بۇلۇتنىڭ قەدرى يوق ئاينىڭ بېشىدا،
پېقىرنىڭ قەدرى يوق باينىڭ يېنىدا.
16. پارچە بۇلۇتتىن يامغۇر كۈتمە.
17. تاغ يېنىدا يامغۇر كۆپ،
دېڭىز يېنىدا بوران كۆپ.
18. توقايدا شامال چىقسا، قۇمدا بوران چىقىدۇ.
19. تومۇزدا ئۈچ كۈن يامغۇر ياغسا، چاشقان ئۆلەر.
20. تۇرپاننىڭ قىشى ئاز، سوغى ئەتىياز.
21. تۇمان كەتمىسە جۈت بولىدۇ،
تومۇز كەتمىسە قۇرت بولىدۇ.

22. تۇتۇشمىغۇچە ئارا تۈزەلمەس،
شامال چىقمىغۇچە ھاۋا ئېچىلماس.
23. چاشقان يىلى توقچىلىق،
قوي يىلى پوقچىلىق.
24. چاقماق چاقسا دەرەختىن قاچ.
25. چولپان تۇغسا ئاي پاتار.
26. چىللە كىردى قىش قالمىدى،
تومۇز كىردى ياز قالمىدى.
27. دەلۋىنىڭ ئاپتىپىغا ئالدانما،
دۈشمەننىڭ كۈلكىسىگە ئالدانما.
28. دەلۋە ــ دىۋانە،
سوغۇق ــ بىگانە.
29. سۇمبۇلە تۇغسا كۆن كۆزگە تايىدۇ.
30. سۇمبۇلە يېمى، قىشنىڭ غېمى.
31. سېرىقتال چاغدا ئەر سارغىيار.
32. شاپاق يەرگە چۈشتى كۆزگە تەۋە،
ساقال چىقتىمۇ ئەرگە تەۋە.
33. شار ـ شار يامغۇر سىلاپ ئۆتەر،
سىم ـ سىم يامغۇر چىلاپ ئۆتەر.
34. شارقىراپ ياغقان يامغۇر ياندىن ئۆتەر،
سىمىلداپ ياغقان يامغۇر جاندىن ئۆتەر.
35. شالاڭ بۇلۇتنىڭ يامغۇرى ئاز.
36. شامال چىقمىغۇچە ھاۋا ئېچىلماس.
37. شامالنىڭ ئالدى قۇيۇن،
جىدەلنىڭ ئالدى ئويۇن.
38. غازاڭنىڭ چۈشكىسى كەلسە بىر دەمچىلىك.
39. غاز كەلدى ــ ياز كەلدى،
غاز كەتتى ــ ياز كەتتى.
40. غاز كەلسە يازغا تەۋە،
قۇماق گەدەنگە چۈشسە تازغا تەۋە.
41. قارلىغاچ پەس ئۇچتى،
يەرگە يامغۇر چۈشتى.
42. قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغۇقى ئەتىياز.
43. قەۋس تۇغماي قىش كەلمەس،
قارلىغاچ كەلمەي ياز كەلمەس.
44. قولاقنىڭ ئالدى يۈزگە تەۋە،
غازاڭ چۈشسە كۈزگە تەۋە.
45. قىشنىڭ رەڭگى سولتايسا،
كۆچەت بېغى پولتىيار.
46. قىشنىڭ شامىلى چاقىدۇ،
يازنىڭ شامىلى ياقىدۇ.
47. قىشنىڭ شامىلى ياندىن ئۆتەر،
ئەتىيازنىڭ شامىلى جاندىن ئۆتەر.
48. قىشنىڭ قىش بولغىنى ياخشى،
يازنىڭ ياز بولغىنى ياخشى.
49. قىشنىڭ كۆنى بىر تۇتام.
50. قىشنىڭ سوغۇقى ياندىن ئۆتەر،
ئەتىيازنىڭ سوغۇقى جاندىن.
51. قىش قانچە سوغۇق بولسا، باھار شۇنچە ئىللىق بولۇر.
52. كاككۇكنىڭ ئۈنىدىن باھارنىڭ كەلگىنى بىلىنەر.
53. كەچ كۈزنىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق،
قىرى كىشىنىڭ ھەيۋىسى بار، ماغدۇرى يوق.
54. كۈز شامىلى ياندىن ئۆتەر،
ئەتىياز شامىلى جاندىن.
55. كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىغان خوتۇندىن قورق،
ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ چىققان بوراندىن قورق.
56. كۆن تىكلەنسە سايەڭ قىسقىرار.
57. كۆنگە باققىنى قىزىل بوپتۇ،
بۇلۇتقا باققىنى قارا بوپتۇ.
58. كېچىدىن سەھەر ياخشى،
چوكانتالدا سەپەر ياخشى.
59. ھاۋانىڭ يامىنى تىنجىق،
بالىنىڭ يامىنى ئىنجىق.
60. ھاۋا ئوچۇق ياغقان يامغۇردىن ھەزەر ئەيلە،
كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىغان ئايالمىدىن ھەزەر ئەيلە.
61. ئۆكەر يانغا ئۆتسە يازغا تەۋە،
تۇماق گەدەنگە چۈشسە تازغا تەۋە.
62. ئىت يىلىدا مال كۆپىيەر.
63. يامغۇر تامچىلاپ چۈشەر،
مۆلدۈر قامچىلاپ چۈشەر.
64. يامغۇرسىز باھارنىڭ لەززىتى بولماس،

بىلىمسىز ياشلىقنىڭ ئىززىتى يوق.
65. يۇلتۇز قۇيرۇقسىز كۆچمەس.
66. يېغى بولسا ياۋ ياتماس،
يەر تەۋرىسە ئات ياتماس.

### ئالتىنچى، تېبابەتچىلىككە ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر

1. ئاپتاپ كۆرمىگەننىڭ ئۆمرى كوتا.
2. ئاچچىق دورا شىپالىق كېلەر.
3. ئاچچىقنى ئاچچىق ئالىدۇ.
4. ئاچچىق قېرىتار، كۆلكە ياشارتار.
5. ئاچچىقى يوق ئادەم ئاسان قېرىماس.
6. ئاچلىق بار يەردە ئاغرىق بار.
7. ئاچ ئۇخلىساڭ تېتىك قوپسەن.
8. ئادەم تاماقنى يەيدۇ،
ئارتۇق تاماق ئادەمنى يەيدۇ.
9. ئاز يە، ئاسان تېرىل.
10. ئاز يە، كۆپ چاينا.
11. ئاز يېگەن كۆپ يەر.
12. ئاشنىڭ ئالىسى قورساق ئاغرىتار،
كۆڭۈلنىڭ ئالىسى ئادەم ئۆلتۈرەر.
13. ئاغرىغان چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر.
14. ئاغرىق پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقار.
15. ئاغرىق تاغ يىقىلغاندەك كېلىپ، قىل سۇغۇرغاندەك چىقار.
16. ئاغرىق نەدىن كېلىدۇ،
ئىلغىماي يېگەن ئاشتىن.
17. ئاغرىقنى بۇس ئۆلتۈرەر،
يىگىتنى نومۇس ئۆلتۈرەر.
18. ئاغرىقنىڭ سانجىقى يامان،
سۆزنىڭ ئاچچىقى يامان.
19. ئالدىمغا كەلدى دەپ يەۋەرمە،
ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرمە.
20. ئالتۇننىڭ رەڭگى سېرىق،
قىزىتما جانغا قېرىق.
21. ئالما يەپ سۇ ئىچمەڭ ئاغرىيسىز،
جىگدە يەپ سۇ ئىچمەڭ سەمرىيسىز.
22. ئانار يەڭ، پايدا قىلسا يەنە يەڭ.
23. ئاۋۋال ئادەمنى داۋالا،
ئاندىن ئاغرىقنى داۋالا.
24. ئەتىگەندە قىلسا ناشتا،
كېسەل بولماس باشتا.
25. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن قالماڭ،
كەچكى تاماقتا ساقلىماڭ.
26. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن قالساڭ كەچكىچە پۇشايمان،
دەسلەپكى سودىدىن يانساڭ چۈشكىچە پۇشايمان،
تۇنجى خوتۇندىن ئايرىلساڭ ئۆلگىچە پۇشايمان.
27. ئەركەچ ئەتى ئەم بولۇر،
ئەچكۈ ئەتى يەل بولۇر.
28. ئەر كىشى بېلىدىن قېرىيدۇ،
خوتۇن كىشى گېلىدىن قېرىيدۇ.
29. ئەمەنلىكتە ئەر ئۆلمەس،
ئېرەنلىكتە ئات ئۆلمەس.
30. باش ئاغرىقىغا تەمبۇر،
چىش ئاغرىقىغا ئامبۇر.
31. باش ئاغرىقى غەمدىن،
بەل ئاغرىقى نەمدىن.
32. باشنىڭ خوۋلۇقى دوپپا بىلەن تەلپەك،
قورساقنىڭ خوۋلۇقى پولۇ بىلەن چەلپەك.
33. باشنىڭ ساقلىقى بولسا،
تەننىڭ ساقلىقى بولۇر.
34. بوشىغان چىش چىقماس.
35. بۇلاق سۈيى كۆزگە داۋا،
بىتاپقا ئاپتاپ داۋا.
36. بېشىڭ قايسا بوينۇڭغا سامساق ئېسىۋال،
ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئۆزۈڭنى بېسىۋال.
37. بېشىڭنى ئايىساڭ تاز بولماس ئىدىڭ.
38. بېشىڭنى سالقىن، قورسىقىڭنى توق، پۇتۇڭنى ئىسسىق تۇت.
39. بىغىر ئوتتا پىشىدۇ،
يىغىر يوتتا پىشىدۇ.
40. بېقىنغا تۇرغان يەلدىن قورق،
تىلەيدىغان ئەلدىن قورق.

41. بىر كۈن يامغۇردا قالسا ھەپتە چۈشكۈرەر.
42. بىر كېسەل ئون كېسەلنى باشلاپ كېلەر.
43. بىنەم يەرگە يامغۇر،
ئۆپكە كېسەلگە چامغۇر.
44. پاختا كىرلەشسە ماز بولۇر،
باش كىرلەشسە تاز بولۇر.
45. پاسقىنى پىت باسار،
مەينەتنى چاقا باسار.
46. پاكىزلىق ساغلاملىقنىڭ دورىسى،
47. پاكىزلىق ـــ ھەسەل،
مەينەتلىك ـــ كېسەل.
48. پەس يەردە ياتما سەلگە كېتەرسەن،
دۆڭ يەردە ياتما يەلگە كېتەرسەن.
49. پىشمىغان ئاشتىن خام كاۋا ياخشى.
50. پىيادە يۈرمەن دېگىنىڭ ،
ئۈزۈن ئۆمۈر كۆرمەن دېگىنىڭ.
51. تاتلىق يېمەكلىك چىشنى بوشىتىدۇ.
52. تازىلىقى ياخشى، كېسەل ئاز،
ئوچىقى ياخشى، ئېشى ساز.
53. تاللىمىغان غىزا قورساقنى ئاغرىتار.
54. تاماقنى كۆپ يېسەڭ قارنىڭ بۇزۇلۇر،
غەمنى كۆپ يېسەڭ بەدىنىڭ بۇزۇلۇر.
55. تاماقنى يەپلا ئۇخلىغانلىق،
زەھەرنى يەپلا ئۇخلىغانلىق.
56. تام تۈۋىدىن، دەرەخ ئۇچىدىن، ئادەم ئىـ-
چىدىن قېرىيدۇ.
57. تام زەيدىن ئۆرۈلەر، ئادەم غەمدىن.
58. تەن راھىتى ئاز يېيىشتە،
تىل راھىتى ئاز دېيىشتە.
59. تومۇزدىكى ئورما بەدەندىكى ئەڭگىزنى ئالار.
60. تويماس قورساققا توختىماس كېسەل تېگىپتۇ.
61. تۇرۇپ بازارغا چىقسا، تېۋىپقا ئىش قالماس.
62. تۆمۈرچىنىڭ سوغۇقى ئېشىپ ئۆلۈپتۇ،
كېمىچىنىڭ ئىسسىقى ئېشىپ ئۆلۈپتۇ.
63. تۆمۈر نەمدە تۇگەيدۇ،
ئۆمۈر غەمدە تۇگەيدۇ.
64. تۆمۈرنى بازغانلىمىسا سايمان بولماس،
ئادەم چېنىقمىسا ساغلام بولماس.
65. تۆمۈرنى دات يەيدۇ، ئۆمۈرنى دەرد.
66. تېرىككەك ئاسان قېرىيدۇ.
67. تىلىڭ كۆيسە تۈز يالا،
ئىچىڭ كۆيسە مۇز يالا.
68. جاراھەتنىڭ بېشى دانىخورەك.
69. چاققاقنى قاينىتىپ ئىچ، جېنىڭغا دەرمان.
70. چايانىنىڭ زەھىرىنى چايان ئالىدۇ.
71. چاي قىزىق، تاۋۇز سوغۇق، چىشنى بۇزار،
ئۆزى قېرى، خوتۇنى ياش، ئىشنى بۇزار.
72. چاينىماي يېگەن كۆشمەي ئۆلەر.
73. «چوكا ياغ» دەپ يېمە شامنى،
«قورسقىم ئاچ» دەپ يېمە خامنى.
74. چۈشلۈك ئۇيقۇ ـــ خوشلۇق ئۇيقۇ،
سەھەر ئۇيقۇ ـــ زەھەر ئۇيقۇ.
75. چېچەكتە چېكىلمىگەن قىزىلدا قىرىلار.
76. چېچەكنىڭ ئېتى يامان،
قىزىلنىڭ يېلى يامان.
77. چىش ئاغرىقى مېڭىنى يەيدۇ،
قۇلاق ئاغرىقى تېڭىنى يەيدۇ.
78. چىش باشقىچە ئاغرىيدۇ،
كۆز باشقىچە ئاغرىيدۇ.
79. چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر،
ئۆپكىنىڭ دورىسى چامغۇر.
80. چىش سوغۇقتىن ئاغرىيدۇ،
كۆز ئىسسىقتىن ئاغرىيدۇ.
81. چىشىڭ ئاغرىسا تىلىڭنى تارت،
قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى تارت.
82. چىشىڭ ئاغرىسا تىلىڭنى تارت،
ئىچىڭ ئاغرىسا گېلىڭنى تارت.
83. دات تۆمۈرنى يەيدۇ،
دەرد ئۆمۈرنى يەيدۇ.
84. دات تۆمۈرنى يەيدۇ،
ھەسرەت ئۆمۈرنى يەيدۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزىم فاكۇلتېتىدا )

توپلاپ رەتلىگۈچى: ھەلىمىگۈل ئابلىز

# دەريا بويىلىقلارنىڭ ماقال ـ تەمسىل ۋە ئىدىيوملىرى

دەريا بويىلىقلار تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان دەريا بويى يېزىسىدا ياشاۋاتقان چارۋىچى ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى «دەيۇۋىلاغ»، «دەيياۋۋىلاغ» («دەريا بويىلىق» دېمەكچى) دەپ ئاتايدۇ. دەريا بويىلىقلار تارانقۇلار ۋە ئىلىم ساھاسىدىكىلەر تەرىپىدىن «قۇملۇقتىكى ياۋايى ئادەملەر»، «ھالاكەت دېڭىزىدىكى سىرلىق قەبىلە»، «كېرىيە ئېكىنمە كىشىلىرى»، «تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچىدىكى دۇنيادىن ئايرىلغان ئادەملەر» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. دەريا بويى يېزىسى كېرىيە ناھىيەسىگە تەۋە بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان تېرىم دېگەن جايدىن ناھىيە بازىرىغىچە تەخمىنەن 230 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھازىر بۇ يېزىدا 1400 گە يېقىن ئادەم بار. دەريا بويىلىقلار ئۆزلىرى ماكانلاشقان «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ نام ئالغان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كىندىك رايونىنىڭ ئالاھىدە مۇھىتىغا ماسلىشىش جەريانىدا ئۆزگىچە بولغان بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان. دەريا بويىلىقلارنىڭ بۇ ئالاھىدە مۇھىتتا بارلىققا كەلتۈرگەن مەدەنىيىتىنى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، پەلسەپىۋى قاراشلىرى، يەرلىك بىلىملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرىدىن چۈشىنىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ.

2010 ـ يىلىدىن بۇيان دەريا بويى يېزىسىدا ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلىغان ۋە دەريا بويىلىقلار توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن ماقال ـ تەمسىللەرنى رەتلەپ، كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم. ماقال ـ تەمسىللەر دەريا بويىلىقلارنىڭ شىۋىسى بويىچە بېرىلدى، چۈشىنىش قىيىنراق ماقال ـ تەمسىللەرگە ۋە دىيالېكت ـ شىۋە سۆزلىرىگە ئىزاھ بېرىلدى.

1. ئېقىندا سۇ يېقىن.

دەريا ئېقىنلىرىغا يېقىن ئولتۇرسا، سۇ قولايلىق بولىدۇ، دېگەن مەنىدە. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان دەريا بويى يېزىسىدىكىلەر ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى قۇدۇق كولاش ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان بولۇپ، ئادەتتە دەريا ئېقىنلىرىنى ياكى ئېقىنغا يېقىن جايلارنى ئازراق كولىسىلا تاتلىق سۇ تاپقىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار دەريا ئېقىنلىرىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان.

2. ئۆلەگ نان ـــ ھاغان نان،
پىتى نان ـــ تېتىگ نان.

كۆمەچ دەريا بويىلىقلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تامىقى بولۇپ، ئۇنى بۇغداي ياكى قوناق ئۇنىدىن تەييارلانغان پېتىر ياكى بولدۇرۇلغان خېمىرنى قىزىتىلغان قۇمدا پىشۇرۇپ تەييارلايدۇ. ئۇلار كۆمەچنى «نان» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ماقال، خېمىرتۇرۇچ سېلىپ بولدۇرغان خېمىردا ئەتكەن كۆمەچ قۇۋۋەتسىزرەك بولۇپ، بۇنداق كۆمەچنى يېسە، قورساق ئىتتىك ئاچىدۇ. پېتىر خېمىردا ئەتكەن كۆمەچ بولسا قۇۋۋەتلىك بولۇپ، قورساقتا تۇرىدۇ، دېگەن مەنىدە. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئادەتتە پېتىر كۆمەچنى كۆپ يەيدۇ. ئۆلەگ كۆ-

مەچنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ.

3. پىتى كۆمەچ — تېتىگ كۆمەچ.

«پېتىر نان — تېتىگ نان» دېگەن ماقالىغا ئوخشاش مەنىدە.

4. ئاتقا ئېگە(ر)، كاۋاپقا جىگە(ر).

(ئاتقا ئېگەر ياخشى، كاۋاپقا جىگەر ياخشى.)

جىگەردە قىلىنغان كاۋاپنىڭ تاتلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دەريا بويىلىقلار جىگەر كاۋىپىنى تاتلىق ۋە قۇۋۋەتلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، مال سويغاندا ئۇنىڭ جىگىرىنى چوغقا قاقلاپ ياكى جىگەرنى ئۇششاق توغراپ چاۋا ياغقا ئوراپ «ياغئۇۋغا» («ياغ بېغىر» دېمەكچى) دەيدىغان كاۋاپ قىلىپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن.

5. ئۇن ئۇن ئۆيدە، نان بىر ئۆيدە.

بۇ ماقالىنىڭ مەنىسى «ئۇن ياغ ھەر ئۆيدە بار، ياخشى تاماق بىر ئۆيدە (بار)» دېگەن ماقالىنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش.

6. تاپالىغىنى چۈجە غوراز،

تاپالمىغىنى بىر باش پىياز.

بۇ ماقالىنىڭ مەنىسى «تاپقىنى گۆل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەن ماقالىنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈشنى بىلدۈرىدۇ.

7. پىياز — نامراتنىڭ گۆشى.

تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتىراق ئۆتىدىغان، دائىم گۆش يېيىشكە قۇربى يەتمەيدىغان كىشىلەرنىڭ خېمىرىغا پىياز ئارىلاشتۇرۇپ كۆمەچ كۆمۈپ يەپ، ئاددىيراق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

8. ئىشلەڭ با، چىشلەڭ با.

«ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن» دېگەن مەنىدە.

9. مېلى يوقنىڭ جېنى يوق.

چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن مال ـ چارۋىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى، مال ـ چارۋىسى يوق كىشىنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

10. مېلى بارنىڭ مېلىغا،

مېلى يوقنىڭ جېنىغا.

مال ـ دۇنياسى بارلار پالاكەت ـ پېشكەللىككە ئۇچرىسا، پۇل ـ مېلى ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداپ قالىدۇ. قولى قىسقىراقلار كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا ئۆزىنى قۇتقۇزالماي، بالا ـ قازا، پالاكەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

11. بىتەلەيىنىڭ ئېشىكى ئۇستەڭگە تېزەكلەيتۇ.

بۇ تەلەيسىز، بەختسىز كىشىلەرنىڭ ئوڭۇشسىزلىق، زىيانغا ئۇچراپ، تاپاۋىتى ئاشمايدىغانلىقى، تىرىكچىلىكى ئىلگىرى باسمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

12. توغراق چاتاشنى بىلمىگەنلەر توقايسىز قالۇر.

توغراقنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ۋاقتى ـ قەرەلىدە چاتاپ تۇرمىسا، ئۇنىڭ قۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن مال بېقىشتا تايىنىدىغان توقايدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

13. غېرىب بو(ل)ساڭ ئوت سىن.

ئوت ئاتا قىلغان ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق يالغۇز قالغان ۋە غېرىبسىنىپ قالغان ئادەمگە دەرمان ۋە

ھۆرۈز بېغىشلايدۇ، كۆڭۈلنى ئاچىدۇ، غېرىبلىقنى يوقىتىدۇ، دېگەن مەنىدە.

14. ۋېلىسىپىتتا خوت يوق، دەريا بويىدا سوت يوق.

(ھارۋىدا خوت يوق، دەريا بويىدا سوت يوق).

دەريا بويى يېزىسى بۇرۇندىن تارتىپ ئىنتايىن تىنچ يۇرت بولۇپ، بۇ يەردە يېقىنقى يىللارغىچە ساقچى بولمىغان. بۇ ماقالىنىڭ بىر مەنىسى بۇ يۇرتنىڭ تىنچ يۇرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ يەنە بىر مەنىسى، ساقچى بولمىغانلىقتىن بەزى ئۇششاق ـ چۈششەك دەۋالارنىڭ سورالماي قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

15. كىچىك دەريادا ئاققۇچە، چوڭ دەريادا ئېقىپ ئۆل.

(كىچىك دەيدە لەيلىگۈچە، چوڭ دەيدە ئېقىپ ئۆل).

ئادەمنىڭ يۈرەكلىك بولۇشى، ئۇششاق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماي، چوڭ ئىشلارغىمۇ ئۆزىنى ئېتىشى، تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ بېقىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

16. دەريا بويىدا ئوغرى يوق، ھېلى قويغان ھېلى يوق.

بۇ دەريا بويى يېزىسىدا ئوغرى ـ يالغان يوق، تىنچ ـ خاتىرجەم يۇرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ئوغرى يوق دەپ خاتىرجەم بولۇپ قالماي، ھەر ۋاقىت ھوشيار، ئېھتىياتچان بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

17. توقايدا شامال چىقسا، قۇمدا بوران چىقىدۇ.

بۇ قۇملۇقنىڭ ئىچىدە بوران بەك كۆپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

18. ئەتىگەنلىكتە بۇلۇت كۆيسە، ئاخشامدا ئوت سىن،

ئاخشامدا بۇلۇت كۆيسە، ئەتىسى ئاپتاپ سىن.

بۇ ئەتىگەندە بۇلۇت قىزارسا، ھاۋا تۇتۇق بولىدۇ، ھاۋا تۇتۇلۇپ ئاپتاپ چىقمىغاچقا، سوغۇق بولىدۇ؛ ئاخشامدا بۇلۇت قىزارسا، ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

19. قۇرۇپ كەتكەن يەدە چۈغۈلدەك قىچقىرىتۇ.

بۇ چۈغۈلدەك دەيدىغان قۇشنىڭ بەك قۇرغاق، چۆل يەرلەردە ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

20. شالدىراڭ يا شالدىراڭ،

كۆچەپ كېتىشكە ئالدىراڭ.

شالدىراڭ دەريا بويى يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى بولۇپ، 80 ـ يىللاردىن باشلاپ كېرىيە دەريا سۈيىنىڭ ئازلاپ كېتىشى ۋە دەريا ئېقىنىنىڭ ئۆزۈلۈپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ جايغا سۇ يېتىپ بارالماي قۇرۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى يېزىنىڭ يۇقىرى تەرەپلىرىگە كۆچۈپ چىققان. بۇ ماقالىدا مۇشۇ ۋەقەلىك ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

21. ھېيتتا تەكلىپ يوق.

ھېيت پەتىسىگە تەكلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دەريا بويىدا ھېيتتا ھەممە ئادەم ئۆزئارا يوقلىشىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە ھېيت پەتىسى بىر ـ ئىككى ئايغىچە داۋاملىشىدۇ.

22. يازنى يىغلاپ چىقا(ر)،

قىشنى كۈلۈپ چىقا(ر).

بۇ ماقالىدا دەريا بويىلىقلاردىكى، 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ تاكى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە چارۋىلارنىڭ قىشلىق يەم مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جاپاغا چىداپ پىچان ئورۇپ، توغراق شاخلىرىدا قاقتا قىلىۋالسا، يەم ـ خەشەكتىن غەم قىلماي قىشتىن خاتىرجەم چىقىۋالغىلى بولىدۇ، دەيدىغان كۆز قاراش ئىپادىلەنگەن.

23. مالچى سېمىز بولسا قويلىرى ئورۇق كېلۇر،
ئورۇق مالچىدىن سېمىز مال چىقۇر.
24. قوينى كېپەككە ئاساڭ،
قويچىسىنى ئالتۇنغا ئال.
25. قاتتىغ نانغا مۇزلۇق سۇ،
توكا ئېشەككە تۇزلۇق سۇ.
26. جۇلتاق جۇلتاقنىڭ قاياشى.
27. تۇز دېگەن ئۇلۇغ نەسە، تۇزى بانىڭ ئوتى با.
28. مىيانە خوتۇن ــ دىۋانە خوتۇن.
29. قىزىڭ بولسا غورازمۇ ساقلىما.
30. ئۇرۇشقاق قىز تۇل قالا.
31. تاشنىڭ ئېغىرى سايدا،
خوتۇننىڭ ئېغىرى ئۆيدە.
32. ئېرىڭدىن يامانلىماي، ئەيۋىڭدىن يامانلا.
33. قىزۋالا تالانىڭ ئەدىمى.
34. ھىجايغاقنىڭ نەرقى پەس،
ئە ئالمىقى يامان تەس.
35. سەگ ۋاپا، خوتۇن جاپا.
36. ئابدان ئە ئەلگە ئورتاق،
يامان ئە مالغا ئورتاق.
37. ئابدان ئە خوتۇن خارلىماس.
38. ئوغال جەڭگە يارايدۇ،
قىز ئاشقا (يارايدۇ).
39. ئوغاۋالا ــ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى.
40. ئە كىشى ــ ئايال كىشىنىڭ مۆرەبېسى.
41. ئە خەق بىلەن تەڭ بوما،
ئە دېگەن يېرىم خۇدا.
42. قۇرۇغ يىگىت ئەمەن پۇرايتۇ.
43. كېچىسى ماڭغان ئەدەمنىڭ ئۆمرى قىسقا.
44. ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىغاننىڭ ئۆمرى قىسقا.
45. دەبيا بويىنىڭ تۇزى بەك ئۇلۇغ.
46. ئالدىدا چىققان قۇلاقتىن كەينىدە چىققان مۇگۇز ئېشىپتۇ.
47. پەتنۇسكەش، ئىسسىغچى، يالاقچىدىن سېسىق قۇمچاق ئابدان،
كاغا كەمەس پو كۆتەكتىن دەبيا بويىدىكى دومچاق ئابدان.
48. موندەكتىن دوڭگال ياخشى،
كاززاپتىن توڭغاز ياخشى.
49. ھۇق سۇپى قىشقىغان يە چۆللىشىپ كېتىتۇ.

50. كالىنىڭ بېشقا كەگەن كۆن موزايىنىڭمۇ بېشقا كېلىدۇ.
51. بامايتمە دېگەن تۆگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ.
52. بالا ـ قازا يوقسۇزغا ئۇچرا(ر)،
كېيىك ئوقسىزغا ئۇچرا(ر).
53. تولداما، كەچ قاغاننى قونداما.
54. نېراقتىن خوتۇن ئا(ل)ماڭ،
يېقىندىن ئېشەك ئاما(ل)ڭ.
55. پاشىنىڭ قوڭى يوق،
مەزلۇم كىشىنىڭ ئوڭى يوق.
56. كىشىنىڭ پۇلىسىدا بولماڭ باي،
ئاخىر بولارسىز لاي.
57. شاپتۇلدا باغ ئەتمەڭ،
ئەچكۈدە مال ئەتمەڭ.
58. يالغۇز چاۋاكنىڭ ئۈنى چىقمايتۇ.
59. جان دېگەن بازاغا كىمەس.
60. ئالدىرىغان جۇگان ئېرىغا سالام قىپتۇ.
61. قومۇش كۆلدە، يۇلغۇن چۆلدە.
62. توغراق غازىڭى توغراقنىڭ تۈۋىگە چۈشتۇ.
63. دەي ئەسلى ئاققان ئېقىننى تاپتۇ.
64. قېرى ئەدەمگە مەسە ياخشى،
ھەممە ئەدەمگە بەسە ياخشى.
65. ئالتىنچى ئايدا ئۇخلىغاندەك ئۇخلاپ كەتمەك.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان دەريا بويىلىقلار ئەتىيازلىق تۆلدىن ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ كۈزلۈك تۆل باشلانغۇچە يەنى 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە جىددىي چارۋىچىلىق ئەمگىكىدىن بوشىنىپ خېلى بىكار بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەزگىلدە كۈنمۇ ئۇزۇن بولۇپ، پەقەت مال ـ چارۋىلارنى سۇغۇرۇپ قويسا، پىچان ئورۇش، توشقانزەدىكى كولاش قاتارلىق ئەمگەكلىرى يوق دېيەرلىك. شۇڭا، بۇ تومۇز ئايلىرىدا كىشىلەر بىكارچىلىقتىن ئۇخلاپ ئارام ئالىدۇ ياكى خېلى كۆپ سادىكى كىشىلەر كېرىيە ناھىيە بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جاي، موغاللا يېزىلىرىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭكىگە بېرىپ بىرەر ئايچە تۇرۇپ ئويناپ كېلىدۇ. شۇڭا، «ئالتىنچى ئايدا ئۇخلىغاندەك ئۇخلاپ كەتمەك» دېگەن ئىدىيومدا «بىكار تۇرۇپ قاپتۇ»، «بىكار بولۇپ قاپتۇ» دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

66. توشقان ئاتلىمىغۇدەك بولاپ كەتمەك.

قۇملۇقتىكى توقايلىقلارنىڭ قۇرۇپ چۆللىشىپ كېتىشىگە قارىتىلىدۇ. مەسىلەن، «بۇرۇن بىزنىڭ توقايلىقنىڭ ئوتى جىقتى. ھازىر سۇ يوق، قۇرغاقچىلىق، توقايلىرىمىز توشقان ئاتلىمىغۇدەك بولاپ كەتتى.»

67. گوش سۆرىسە توپا شۇقمىغۇدەك.

ئوت ـ چۆپ قويۇق ئۆسكەن، ھەممە يەر ئوت ـ چۆپ بىلەن قاپلانغان دېگەن مەنىدە. مەسىلەن: «بۇرۇن يېزىنىڭ ئايىغىدىكى شالدىراڭ، ئىلەك ۋە ئۇنىڭمۇ ئايىغىدىكى 15 كۈنلۈك يەلىدە گوش سۆ-

رىسە توپا شۇقمىغۇدەك توقايلا بېيدى. سۇ باماي بۇ يەلە قۇرۇپ چۆللىشىپ كەتتى»

68. كۆمىچى ئېغى.

«مېھرى ئىسسىق» دېگەن مەنىدە.

مەسىلەن: «دەييا بويىنىڭ كۆمىچى ئېغى، بى كەگەن ئەدەم كەممەيتمە دېسمۇ يەنە ئەجەب بى كەگىسى كەپ قالىتقان يە بۇ»

69. تۈزىسى ئېغى.

«تۈزى ئېغىر» دېمەكچى، «كۆمىچى ئېغى» دېگەن بىلەن ئوخشاش مەنىدە.

70. بى تەلپەككە پاتقىلى قوپماق.

بەك قورقۇپ كەتمەك. بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويۇپ ياكى گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويۇپ باشقىلار ئالدىدا قورقىنىدىن، خىجىل بولغىنىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالماق.

71. ئاغزى ئوت.

ئاغزى ئەسكى، ئاغزى يامان.

پايدىلانمىلار:

1. ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۇرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.
2. مەتسەيدى مەتقاسىم: «تارىمدىكى مەدەنىيەت ئارىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى.

(بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2012 ـ يىللىق دوكتورلار فوندى تەتقىقات تۈرى «ئېكولوگىيە ئىنسانشۇناسلىقى نەزىرىدىكى قۇرغاق رايون ۋە ئۇيغۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى»نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى.)
(ئېيتىپ بەرگۇچىلەر: دەريا بويى يېزىسىدىن مەتقۇۋان مەترېھىم، مەتيۇسۇپ مەتقۇۋان، ئابدۇغېنى قادىر، قۇربان يۇسۇپ، رەھىمخان مەمەت، مەتروزى غېنى.)

(توپلاپ رەتلىگۈچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم فاكۇلتېتىدا)



توپلاپ رەتلىگۈچى: ياسىنجان ئوسمان ئەركزات

# تۆتىنچى ئەخمەق

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا يېقىن ئۆتكەن ئىككى دوست بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلاردىن بىرسى توي قىپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بويتاق دوستى توي قىلغان ھېلىقى دوستىدىن سوراپتۇ:

— ئايالىڭىزنىڭ مىجەز - خاراكتېرى قانداقراق، خېلى چىقىشىپ قالغانسىلەر؟

ئۆز دوستىدىن خېلى بۇرۇنلا توي قىلىۋالغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ، مۇشۇنداق بىر سوئالنىڭ ئۆزىدىن پاتراق سورىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان دوستى تولىمۇ پەخىرلەنگەن ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇنى بىر دېمە ئاداش، ئىككىمىز خېلى چىقىشىپ قالدۇق، بىر - بىرىمىزگە شۇنداق ئىچەكىشىپ كەتتۇقكى، خۇددى كېچە بىلەن كۈندۈزدەك، گۆش بىلەن قاندەك، تەن بىلەن جاندەك، بېلىق بىلەن سۇدەك بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالدۇق. ئايالىم شۇنداق ۋاپادار، ساداقەتمەن، ئاق كۆڭۈل ئايالكى، ئۇنىڭدەك ئايال يەر يۈزىدە تېپىلمايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېلىقى دوستى ئۇنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىدىن سۆيۈنۈش بىلەن بىللە ئۇنىڭ سۆزىدىن شۇبھىلىنىپتۇ ھەمدە دوستىنىڭ ئايالىنىڭ ساداقىتىنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە دوستىغا ئۆز مۇددىئاسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— دوستۇم، بىر گەپ قىلسام ئەجەبلەنمە ھەم خاپا بولما، ھازىر بەزى ئاياللار شۇنچىلىك ھىيلىگەرلىشىپ كەتتىكى، ھەتتا ھىيلىگەرلىكتە تۇلكىگىمۇ دەرس بېرەلەيدۇ. «بىر ئايالنىڭ ھىيلىسى قىرىق شەيتاننى ئۇسسۇلغا ساپتۇ» دېگەن گەپ بار. بەلكىم، بۇنى سەنمۇ ياخشى بىلىسەن. ئەگەر ئايالىڭ سەن دېگەندەك ۋاپادار، كۆيۈمچان بولسا، بۇنىڭدىن مەنمۇ بەك خۇش. ئەمما، ئالا كۆڭۈل بولۇپ قالسا، ئىش چاتاق. «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دەيدىغان ئاتىلار سۆزىمۇ بار. بىلىمەن، سەن تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار يىگىت. نېمە ئۈچۈنكىن، يېقىندىن بۇيان قورسا-

قىمغا بىر جىن كىرىپ، ئايالىڭنىڭ ساداقىتىنى بىر سىناپ بېقىش خىيالىغا كېلىپ قالدىم. ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسەڭ، مەن بۈگۈن كېچە بىر يۇڭدالغان توخۇنى ئۆيۈڭنىڭ تۈڭلۈكىدىن تاشلايمەن. سەن ئۇشتۇمتۇتلا كېسىلىڭ تۇتقان بولۇۋېلىپ، دەھشەتلىك ئىڭرىغىنىڭچە يېتىۋالىسەن. دەل شۇ چاغدا، قورقۇپ كەتكەن ئايالىڭ تۈڭلۈكتىن تاشلانغان ھېلىقى توخۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ناھايىتى قورققان ھالدا سەندىن: «ھەي، قاراڭ، ئۇ نېمە؟» دەپ سورايدۇ. سەن قىلچە ئىككىلەنمەيلا: «ھەي... ئەمدى ساڭا راستىنى دېمىسەم بولمىدى، خوتۇن، شۇ كەمگىچە ساڭا دېمىگەنىدىم، مېنىڭ ساقايماس كېسىلىم بار ئىدى، قارىغاندا ياخشىلىنالمايدىغان ئوخشايمەن. سەنمۇ كۆردۈڭ، ئۇ مېنىڭ جېنىمنى ئالغىلى كەلگەن ئەزرائىل. رازى بول خوتۇن، رەنجىتكەن بولسام، مېنى كەچۈر» دەيسەن.

دوستى ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئۇلار شۇنداق كېلىشىۋالغاندىن كېيىن، توي قىلغان دوستى سالپايغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ، ئۆزىنىڭ ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيىتىپ، يوتقانغا چىڭ چۈمكىنىپ يېتىۋاپتۇ ۋە ۋاي - ۋايلىغىنىچە «ئۇيقۇ»غا كېتىپتۇ. ئايالىمۇ ئۇنىڭغا تۇن نىسپى بولغاندا كۆزى ئۇيقۇغا بېرىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، تۈڭلۈكتىن تۈكلىرى يۇڭۇزلانغان، پۇتلىرى چىگىلگەن بىر ئۆلۈك توخۇ «گۈپ» قىلىپ ئۆي ئىچىگە چۈشۈپتۇ. بۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن ئايال ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئېرىدىن سوراپتۇ:

— ھەي تۇرۇڭە، تۇرۇڭە، قاراڭ، ئاۋۇ نېمە؟

ئېرى ئاران تەستە كۆزىنى ئېچىپ، ئۇھسىنغان ھالدا تەمتىرىمەستىن جاۋاب بېرىپتۇ:

— خوتۇن، رازى بول... ئۇ مېنىڭ جېنىمنى ئالغىلى كەلگەن ئەزرائىل. مېنى كەچۈر، خوتۇن. ئەسلى ساڭا ئېيتمىغانىدىم، مەن سەن بىلەن تونۇشۇپ توي قىلىش ئالدىدا ساقايماس بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدىم. رەھمەتلىك ئاتا - ئانام مېنى شۇنچە ئۇزۇن يىل داۋالاتقانىدى، ئەمما ياخشىلىنالمىدىم. مەن ئۇچۇن ئۇلارنىڭ قىلمىغىنى قالمىدى، مېنى داۋالىتىش ئۈچۈن كۆپ چىقىمدار بولۇپ، ھەممە بىساتىدىن ئايرىلدى، ساق تېنى مەجرۇھ بولدى، مەن ئۈچۈن تولا يىغلاپ نۇرلۇق كۆزلىرى ئەما بولدى. شۇنىڭ بىلەن رەھمەتلىك ئاتا - ئانام بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەن بىر ئاز ياخشىلانغان ھامانلا، مېنى ئۆيلەپ قويماقچى بولۇۋېدى، مانا سەن بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، ئاز - تولا خاتىرجەملىككە ئېرىشتىم، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي بىچارە ئاتا - ئانام ئارقا - ئارقىدىن كۆز يۇمدى. «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك تولىمۇ ئەپسۇس، مانا ئەمدى بۇ لەنىتى كېسەلدىن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن، ئەلۋىدا.

دەل شۇ پەيتتە، يۇڭدىۋېتىلگەن ھېلىقى توخۇ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا دومىلاپ، قاناتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ، ئەر - ئايال ئىككىسىگە سىنچىلاپ نەزەر سالغىنىچە «ھە، ئاشىق - مەشۇق ۋاپادارلار، مەن ئەزرائىل بولىمەن، سىلەرنى ئۆز ھوزۇرۇمغا مەڭگۈلۈك تەكلىپ قىلغىلى كەلدىم، سىلەرنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ كەتمەكچىمەن. ئاۋۋال قايسىڭلار مەن بىلەن كېتىسىلەر؟» دەپتۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ پالاقشىپتۇ. ئايالنىڭ قورقىنىدىن جان - ئىمانى چىقىپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ. ئۇ لاغىلداپ تىترىگىنىچە:

— كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن ساغلام، بىچىرىم تۇرۇپتىمەن. لېكىن ئېرىم ئېغىر كېسەل دەستىدىن نەچچە كۈنلۈكمۇ ئۆمرى قالمىدى، ئۇ ھازىرمۇ كېسەل ئازابىدا ئىڭراپ ياتىدۇ، شۇڭا... — دەپتۇ ئايال ئەزرائىلغا ئېرىنى كۆرسىتىپ.

بويتاق يىگىت ئەتىسى دوستىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلماي «قانداق؟» دېگەندەك ئىشارەت بىلەن دوستىغا قاراپ قويغانىكەن، ئايالىنى تۇزۇكرەكمۇ چۈشەنمەيلا شۇنچە ماختىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىزادىن ئۆلگۈدەك بولۇپ

كەتكەن دوستى ئايالىغا ئالدىراپ باھا بېرىۋەتكەنلىكىگە قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ.بويتاق يىگىت دوستىدىن ھېلىقى ئىشتىن كېيىن ئايالى بىلەن قانداقراق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ:

— ھەي... بۇنىڭ قايسى بىرىنى دەي. كونىلار: «جاھاندا تۆت ئەخمەق بار، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، يېگىنىنى داڭلىغان ئەخمەق؛ ئىككىنچىسى، ئۆزىنىڭ كىيگىنىنى داڭلىغان ئەخمەق؛ ئۈچىنچىسى، ئۆزىنى داڭلىغان ئەخمەق؛ تۆتىنچىسى، ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى داڭلىغان ئەخمەق» دەپتىكەن، مەن دەل ئەنە شۇ تۆتىنچى ئەخمەق ئىكەنمەن، — يەنە شۇ كونىلار «تاماقنى سىڭگەندە ماختا، خوتۇننى ئۆلگەندە» دەپتىكەن، مەن باشقىلارغا باھا بېرىشتە بەكمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىمدىن قاتتىق نومۇس قىلدىم، كەچۈر، — دەپتۇ ئۇ تولىمۇ خورسىنغان ھالدا. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يۇقىرىدىكى ھېكمەتلەر ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

(بۇ چۆچەك 1991 ـ يىلى «جەمئىيەت تەكشۈرۈش پىراكتىكىسى» نامىدا ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش ـ رەتلەش پائالىيىتى داۋامىدا قاراقاش ناھىيەسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسىدىن توپلانغان، ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى خاتىرىلەنگەن جاي يىرتىلىپ كەتكەن)

( توپلاپ رەتلىگۈچى: مەكىت ناھىيەلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)



توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەكرەمجان مەترۇسۇل ئۇمىدى

# تەمسىل ۋە رىۋايەتلەر

## بىلىم - تۈگىمەس ئالتۇن

بۇرۇنقى زاماندا ئوقۇمۇشلۇق بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئەھەد، ئەزىز ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا، بىلىم ئىگىلىتىشكە تولىمۇ ھېرىس ئىكەن.

بوۋاي بالىلىرىنى ئوقۇشقا بەرسە، چوڭ ئوغلى ئەھەد ياخشى ئوقۇماپتۇ. كىچىك ئوغلى ئەزىز بولسا ئەلا ئوقۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوۋاي ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ مال - دۇنياسىنى سېتىپ ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ ئوغۇللىرىغا بېرىپ: «مەندىن كېيىن قالساڭلار مۇشۇ ئالتۇنلارنى تەڭ بۆلۈشۈپ كۈنلىرىڭلارنى كۆن ئېتىڭلار» دەپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بوۋاي قازا قىپتۇ. ئاكا - ئىنى يىغلاپ - قاقشاپ دادىسىنى يەرلىككە قويۇپ، نەزىر بېرىپتۇ. بىر كۈنى ئەھەد:

— ئۇكام، مەن زەرگەرخانىغا بېرىپ ئالتۇننى تەپمۇ تەڭ ئىككىگە بۆلدۈرۈپ كېلەي، — دەپتۇ - دە، ئالتۇننى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئەزىز ئاكىسىنى ساقلاپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، ئاكىسى قايتىپ كەلمەپتۇ، ئەتىسىمۇ كەلمەپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئالتۇنلارنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىكەن.

دادىسى ۋە ئاكىسىدىن ئايرىلغان ئەزىز تولىمۇ قايغۇرۇپتۇ، ئاخىر دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن قەلەمنى ئېلىپ، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ھۆسنخەت يېزىشنى مەشىق قىلىشقا كىرىشىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇ ئۇستا خەتتات بولۇپ يېتىشىپتۇ.

بىر كۈنى ئەزىز بازار ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، ئوردا جاكارچىسى كىشىلەرگە «خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئوردىغا پۈتۈكچى ئالماقچى، ئىختىيار قىلغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن. پۈتۈكچىلەردىن پادىشاھ ئۆزى ئىمتىھان ئالىدۇ!» دەپ جاكارلاپتۇ.

ئەزىز بېرىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىپتۇ. ئۇ ھۆسنخەتنى شۇنداق چىرايلىق يېزىپتۇكى، ئوردا ئەھلى ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭ يازمىلىرىنى كۆرگەن پادىشاھ ئەزىزنى دەرھال ئوردا پۈتۈكچىلىككە تەيىنلەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ باشقا ئەلگە بارغاندا، ئەزىزنىمۇ بىللە

ئېلىنىپتۇ. ئۇلار بارغان يېرىدە بازار ئارىلاۋېتىپ بىر يىگىتنىڭ:

«دادامدىنمۇ ئايرىلدىم،
ئۇكامدىنمۇ ئايرىلدىم.
مۇساپىرمەن بۇ يۇرتقا،
قاناتىمدىن قايرىلدىم.»

دەپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ. ئەزىزنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ بىر تىللا بېرىپتۇ. تىلەمچى بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قاراپتىكەن، ئەزىز ئۇنى دەرھال تونۇۋاپتۇ. ئەسلىدە تىلەمچى ئەزىزنىڭ ئاكىسى ئەھەد ئىكەن. ئەمما ئەھەد ئۇكىسىنى پەقەتلا تونۇيالماپتۇ. ئەزىز ئاكىسى چۈشكەن سارايىنى ئىزدەپ تېپىپ، كەچتە ئۇ يەرگە بېرىپ تونۇشلۇق بېرىپتۇ، ئەھەد خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئىككىسى ئۇزاق مۇڭدىشىپتۇ، ئەھەد تولىمۇ ئاچچىق ھەسرەتتە:
— ئىككىمىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن شۇنى ئېنىق بىلدىمكى، ئالتۇن ھامان تۈگەيدىكەن، ئەمما بىلىم زادىلا تۈگىمەيدىغان ئالتۇن بايلىق ئىكەن، مېنى كەچۈرگىن ئۇكام، — دېگىنىچە ئېسەدەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاكا - ئىنى قايتىدىن جەم بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: پوسكام ناھىيە سەيلى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچى مەرىنىسا توختى)
(توپلاپ رەتلىگۈچى: يەكەن ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئەكرەمجان مەترۇسۇل ئۇممىدى)

## باغۋەن بوۋاي

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر دېھقان بولغانىكەن، ئۇ ھەمىشە كەچ يېتىپ سەھەر تۇرۇپ تىنماي ئىشلەپ، ھالال ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى، بىر باي ئۇۋغا چىقىپ كېتىۋاتسا، بېلى مۈكچەيگەن دېھقان ئىككى مو يەرگە كۆچەت تىكىپ باغ قىلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن باي كۈلۈپ كېتىپ «بۇ ھاماقەت ئادەمكەن» دەپتۇ - دە، ئېتىنى توختىتىپ بوۋايدىن سوراپتۇ:

— ھەي بوۋاي، ئۆمرۈڭنىڭ غۇلىچى تۈگەپ، غېرىچى قاپتۇ، بەرىبىر بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن، ئاۋارە بولۇپ جېنىڭنى قىيىنغۇچە، ئارام ئالساڭ بولماسمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي بايغا:

— مەن ھازىر ئارام ئالمايمەن، مەڭگۈ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى، سىلى دېگەندەك بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى ئەسلا يېيەلمەيمەن، ئەمما مەندىن كېيىن قالغان ئادەملەر يەپ، مېنى ئەسلىسە، شۇ چاغدا دۇنيادا مېنىڭ قىلغان ئەمگىكىممۇ، نامىممۇ مەندىن كېيىنكى ئەۋلادلار بىلەن قالسا دەپ ئويلايمەن، — دەپتۇ.

باي بوۋاينىڭ جاۋابىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ:

— بارىكاللا بوۋا، ئەجرىڭىز ھەرگىزمۇ يەردە قالمايدۇ، — دەپتۇ ھەمدە بوۋايغا مىڭ تەڭگە بېرىپتۇ. باغۋەن بوۋاي باي بەرگەن مىڭ تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— نېمىگە كۈلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ باي.

— باشقىلار كۆچەت تىكىپ، تۆت - بەش يىلدىن كېيىن ئاندىن ئاغزى مېۋىگە تەگسە، مەن قويغان كۆچىتىمنىڭ مېۋىسىگە شۇ يىلىلا ئاغزىم تەگكەنلىكىگە كۈلدۈم، — دەپتۇ بوۋاي، شۇنىڭدىن كېيىن: «ياخشىدىن باغ قالار، ياماندىن داد ۋە نەپرەت» دېگەن ھېكمەت قالغانىكەن.

دېمەك، بوۋاي قىلغان ياخشى ئىشىغا، ھالال ئەجرىگە يارىشا تېگىشلىك جاۋابقا ئىگە بولدى. ئادەم باشقىلارغا مېھىر - مۇھەببىتىنى بېغىشلىسا، ئۆزىنىڭ كۆڭلىرىمۇ خۇشال ئۆتىدۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: پوسكام ناھىيە سەيلى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچى داۋۇت پازىل)
(توپلاپ رەتلىگۈچى: يەكەن ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)

## كۆرەڭنىڭ ئاقىۋىتى
(مەسەل)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، توخۇ ئۇچالايدىغان بولۇپ، ماختانچاقلىقى ۋە كۆرەڭلىكى تۈپەيلىدىن داغدا قالغانىكەن.

«قاناتلىرىم نېمىدېگەن كۈچلۈك، تاجىم نېمىدېگەن چىرايلىق، ئاۋازىم نېمىدېگەن جاراڭلىق!» دەيدىكەن ئۇ ھەمراھلىرى ئالدىدا داۋاملىق ماختىنىپ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قانىتىغا ھەددىدىن زىيادە ئىشەنگەن توخۇ ئەڭ ياۋاش قۇشلارنى ئۇچرىتىپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا قاناتلىرىنى مەغرۇر قېقىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— قاراڭلار، قاناتلىرىم نېمىدېگەن ئۇزۇن — ھە! مۇشۇ قاناتلىرىم بىلەن تاغنىڭ ئۇ چوققىسىدىن بۇ چوققىسىغا ئۇچۇپ ئۆتۈش ئەمەس، كۆك ئاسماندىمۇ پەرۋاز قىلالايمەن!

— تولا پو ئاتما! — دەپتۇ قۇشلار ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، — ئۇزاققا ئۇچۇش — ئۇچالماسلىق قاناتنىڭ ئۇزۇن — قىسقىلىقىغا ئەمەس، ماھارەتكە باغلىق.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان توخۇنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپتۇ:

— سەنلەرنىڭ قانىتىڭ قىسقا بولغاچقا، ئاكاڭ قارىغاينىڭ كارامىتىنى كۆرەلمەي شۇنداق دېيىشىۋاتىسەن! ئۇزاققا ئۇچۇش — ئۇچالماسلىق قاناتنىڭ ئۇزۇن — قىسقىلىقىغا باغلىق بولمىسا، ئۇنداقتا، قېنى مەن بىلەن بەسلىشىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىشالامسەن؟

شۇنىڭ بىلەن توخۇ ئۆزىنى چاغلىماي قۇشلار بىلەن بەسلىشىپ ئۇچۇپتۇ. لېكىن، ئۇچا — ئۇچمايلا توخۇ قاناتلىرىنى ھەرقانچە قاققان بولسىمۇ، كۆزلىگەن نىشانىغا زادىلا يېتەلمەي، يېرىم يولدىلا بىر ھويلىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ — دە، نومۇستىن سىرتقا زادىلا چىقالماپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ، توخۇ ئۆي قۇشىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. قۇشلار بولسا قارشى چوققىغا بىمالال ئۇچۇپ بېرىپ قونۇپ، شۇ يەردە ئۇۋا ياساپ بەھۇزۇر ياشاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ: «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، ئورنۇمدىن تۇرالماي ھەپتە يېتىپتىمەن» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: پوسكام ناھىيە سەيلى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى مەرمىنىسا توختى)

(توپلاپ رەتلىگۈچى: يەكەن ناھىيەلىك 1 — ئوتتۇرا مەكتەپتە)



توپلاپ رەتلىگۈچى: يۈسۈپ ئەخمەت

# ئۆمەر قارى بىلەن مارىيخاننىڭ ئېيتىشىشى

مۇھەررىردىن: ئېيتىشىش ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلىرىدە ئورۇندىلىدىغان، كەيپىياتنى كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان بىر خىل سەنئەت شەكلى. بۇنىڭدا ئەرلەر تەرەپتىن گەپ ـ سۆزگە، قوشاق توقۇشقا ماھىر بىر كىشى، ئاياللار تەرەپتىنمۇ گەپچى، قىزىقچى، قوشاقچى بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزئارا قوشاق ئېيتىپ سورۇن كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

تۆۋەندە پېشقەدەم قومۇل مۇقاملىرى ئۇستازى، قومۇل خەلقىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر داڭلىق نەغمىچىسى، ھازىر جاۋاب قوشاقچىسى ئۆمەر قارى ۋە ئۇ ئۆزى يېتىشتۈرگەن خەلق سەنئەتكارى، مەرھۇم ئايالى مارىيخاننىڭ ئۆزئارا ئېيتىشقان قوشاقلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.

ئەر: ئېرىقىڭدا سۇ يوقمۇ؟
بېلىقلارغا نە بوپتۇ؟
خەق ئوينىسا ھېچ گەپ يوق،
بىز ئوينىساق نە بوپتۇ؟

ئايال: ئاق چەكمەن، قىزىل چەكمەن،
رەڭدە بويىغان چەكمەن.
جوگانلاردا ھېچ گەپ يوق،
يىگىتلەر ئەجەپ دەردمەن.

ئەر: قۇچقاچ قوندى قامغاققا،
تورغاي قوندى قامغاققا.

يار بىلەن زاغرا يېسەك،
شېكەر تېتار تاماققا.

ئايال: باغدا گۈللەرنى ئۈزۈپ،
غۇنچىسىنى ئوينىتاي.
ئىككى دۇنيالىق يارىم،
سۆزۈڭنى قانداق ئۇنىتاي؟

ئەر: ئاق چەكمەن، قارا چەكمەن،
يار ئۈچۈن چاپاي كەتمەن.
يارىم كەتمەن بەرمىسە،
كۆڭلەكچان كېتەي دەردمەن.

ئايال: ئىلى يولىدا كۆردۈڭمۇ،
شالغا يايغان چەكمەننى؟
بۇ شەھەردە كۆردۈڭمۇ،
سەنمۇ مەندەك دەردمەننى؟

ئەر: ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپاي دېسەم كەتمەن يوق.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق.

ئايال: ئۆستەڭدىكى سۈزۈك سۇ،
مۇزلاپ قاپتۇ ئەينەكتەك.
قاچانغىچە يۈرەرمىز،
كاككۇك بىلەن زەپنەپتەك؟

ئەر: ئاتنىڭ ئوبدىنى تورۇق،
قىزنىڭ ئوبدىنى ئورۇق.
يىگىتلىك قىلاي دېسەم،
پۇتۇمدا يوغان چورۇق.

ئايال: سەن ئېسىپسەن بەش تۇمار،
تۇمار ئاسمىغان كىم بار.
ياشلىقتا، غېرىبلىقتا
ئاداشمىغان كىم بار.

ئەر: تولا قارىدىم ساڭا،
بىر قارىمىدىڭ ماڭا.
قارىمىساڭ قارىما،
كۆيۈپ قالمىدىم ساڭا.

ئايال: سۇ قايرىلىپ ئاقمايدۇ،
يار قايرىلىپ باقمايدۇ.
يار قايرىلىپ باققاندا،
بىر خىيالى ياقمايدۇ.

ئەر: سىرلىق ساندۇق ئىچىدە
ئالتۇن ئوشۇق ئوينايدۇ.
شۇغىنە مېنىڭ يارىم
كۆزى بىلەن قىنايدۇ.

ئايال: لەغمىنىڭنى يېمەيمەن،
سىركەڭ بىلەن لازاڭ يوق.
ئەمدى سېنى سۆيمەيمەن.
بۇرۇنقىدەك ياڭزاڭ يوق.

ئەر: بۇ ئۆيلەرنىڭ لىملارى
تاغدا كەسكەن چىڭگاڭدەك.
ئالدىمدىكى مارىيخان
قېرىپ قالغان ھىڭگاڭدەك.

ئايال: بۇ ئۆيلەرنىڭ لىملارى
قىزىل قارىغاي ئوخشايدۇ.
ئالدىمدىكى بۇ قارى
خام كاۋىغا ئوخشايدۇ.

ئەر: يارىم كېلىدۇ قاراپ،
سۇمبۇل چاچىنى تاراپ.
مەن يارغا نېمە قىلدىم،
يامان كۆزىدە قاراپ.

ئايال: ئالمىنى بېرىڭ دەيسىز،
بەرسەم كىم بىلەن يەيسىز؟
يار قەدرىنى بىلمەيسىز،
تاشلىۋەتسەم يىغلايسىز.

ئەر: ئۆيىنىمۇ ئۆتەشىم بار،
بويىنىمۇ ئۆتەشىم بار.
سەن ياراتمىساڭ مېنى،
قورغۇيدەك ئاداشىم بار.

ئايال: سەن كېيسەڭ ياراشمايدۇ،
ئاق باسما، قىزىل باسما.
ئىزدىسەم ھېچ تېپىلماس،
ساڭا ئوخشاش لىگتاسما.

ئەر: ھاۋا ئوخشار ھاۋاغا،
بۇلۇت ئوخشار نېمىگە؟
سېمىزگىنە شۇ يارىم
ئوخشايدىكەن كېمىگە.

ئايال: جەرەن ئاتىنىڭ يورغىسىنى
مىنىپ چاپسالڭ بىلەرسەن.
مارىيخانىنىڭ بېگىسىنى
بىردەم تۇرۇپ بىلەرسەن.

ئەر: تاغ باشىدا ئولتۇرسام،
ئېگىز دۆڭلەر تۈز كۆرۈنەر.
قىزىل كۆڭلەك ئىچىدە
قېرى جوگان قىز كۆرۈنەر.

ئايال: يارىمىنىڭ جۈپتى بولسام،
بوستانىنىڭ گۈلى بولسام.
يار بىلەن تېپىشقاندا
كۆزىنىڭ نۇرى بولسام.

ئەر: ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
چۆمۈچ ساپتۇ چىرايلىق.
شۇنچە خەق ئاراسىدا
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

ئايال: يار، ئۆيۈڭ يېقىن بولسا،
ئاغزىم بىلەن دان بەرسەم.
ئەقىدە ساقلىغان يارنىڭ
قۇچىقىدا جان بەرسەم.

ئەر: غىجىكىم جاراڭلايدۇ،
مارىيخان، ئاڭلاپ قويۇڭ.
يۈرەك بېغىشىم سىزدە،
ھالىمنى سوراپ قويۇڭ.

ئايال: كۆڭۈل سېزىدۇ دەيدۇ،
كۆڭۈلنىڭ سەزمىكى راستتۇر.
يار قەدرىگە يەتكەندە
سۆيمەك يۈرەككە خاستۇر.

ئەر: غىجەك تارتىمەن، يارىم،
ئاڭلىغىن دىلىڭ بىلەن.
ئالتە كۈنلۈك ئالەمنى
ئۆتكۈزەي سېنىڭ بىلەن.

ئايال: يارىمنىڭ مىنگەن ئاتى،
ئالا قاشقا تورۇق ئات.
مەن خۇداغا راست ئېيتاي،
كۈندە ئېيتىمەن ئۇنى ياد.

(«قومۇل نەزمىلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)
(توپلاپ رەتلىگۈچى: قومۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكىنىڭ پېنسىيونېرى)



توپلاپ رەتلىگۈچى: سابىرجان سىيىت

# ئىككى رىۋايەت

## كەپتەر

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. شۇ زامانلاردا تولىمۇ باي، دۆلەتمەن چوڭ بىر ئائىلە ئىجىل ـ ئىناق ياشىغانىكەن. چۈنكى، بۇ ئائىلىدە تىنچلىق سىمۋولى بولغان، خاسىيەتلىك بىر كەپتەر ئۇلار بىلەن بىللە ياشايدىكەن. بىر كۆنى كەپتەر ئائىلە باشلىقىغا:

— مەن سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلاردا ئۇزۇن يىل تۇرۇپ بەكمۇ زېرىكىپ كەتتىم، ئەمدى كەتمەكچىمەن، كېتىشتىن بۇرۇن نېمە ھاجىتىڭلار بولسا دەڭلار، ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ماڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىڭ، مەن ئائىلەمدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن سىزگە لازىملىق نەرسىمىزنى ئېيتاي، — دەپتۇ ئائىلە باشلىقى.

ئائىلە باشلىقى ھەممەيلەننى يىغىپ بولغان ۋەقەنى سۆزلەپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپتۇ. بىرسى قوي تەلەپ قىلايلى دېسە، بىرسى كالا تەلەپ قىلايلى، دەپتۇ؛ بىر قىزى ئۈنچە ـ مەرۋايىت تەلەپ قىلايلى دېسە، يەنە بىر قىزى تاۋار ـ دۇردۇن تەلەپ قىلايلى، دەپتۇ. ئۇلار ئىككى كۈن تالاش ـ تارتىش قىلىپ بىرلىككە كېلەلمەپتۇ.

ئائىلە باشلىقى يېڭى كېلىنىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۇنى چاقىرتىپتۇ.

يېڭى كېلىن مەسلىھەتكە چاقىرىپ كېلىنىپتۇ. ئاتا بولغان ۋەقەنى كېلىنىگە سۆزلەپ، كەپتەردىن قانداق بايلىق ئېلىپ قېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ.

كېلىن كۆپ ئويلانمايلا:

— بىز جەمەتلىك ئائىلە، شۇڭا كەپتەردىن تىنچ ـ ئىناقلىقنى سورايلى، ئىناقلىق بولسىلا ئىشىمىز راۋاج تاپىدۇ، ئۆيگە بەرىكەت، بەخت ياغىدۇ، جېدەل ـ ماجرا بىزدىن قاچىدۇ، خاتىرجەم ياشايمىز، — دەپتۇ.

ئاتا بۇنى ئاڭلاپ، خۇشال ھالدا:

— ھەببەللى، كەپتەردىن ئېلىپ قالىدىغان نەرسىمىز تېپىلدى، — دەپتۇ.

ئۇچىنچى كۈنى كەپتەر كېلىپ: «مەندىن نېمە تەلەپ قىلماقچى بولدۇڭلار؟» دەپتىكەن، ئاتا:

— بىز تىنچ - ئىناقلىقنى ساقلاپ قالماقچى، بىزگە شۇنى بېرىپ كېتىڭ، — دەپتۇ.

— مېنىڭ ئېلىپ كەتمەكچى بولغىنىممۇ دەل تىنچ - ئىناقلىق ئىدى، بۇنى سورىساڭلار بېرەي، بىراق ئەمدى مەنمۇ كەتمەيدىغان بولدۇم، — دەپتۇ كەپتەر. «ئىتتىپاقلىق كۈچ» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

(توپلاپ رەتلىگۈچى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن سابىرجان سېيىت)

## ئىسمدىكى ھېكمەتلەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر بالا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى خامۇش ئىكەن. ئۇ يۇرتىدىكى بىر موللىدا ئوقۇيدىكەن. بىر كۈنى خامۇشنىڭ ساۋاق ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، قانداقتۇر بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى سەزگەن موللا:

— ھەي خامۇش، نېمىشقا سۆزۈمگە قۇلاق سالمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئىسمىم توغرىلىق ئازابلىنىۋاتىمەن، — دەپتۇ خامۇش، — چۈنكى مېنىڭ ئىسمىمنى ئاڭلىغان كىشىلەر مېنى چېچەن ئەمەسكەن دەيدۇ، شۇڭا مېنىڭ ئىسمىم ئاتالغاندا بەك بىئارام بولىمەن. ئەسلىدە مەن خېلى چېچەن، زېرەك ئىدىم، نېمە ئۈچۈن ماڭا خامۇش دەپ ئىسىم قويۇلۇپ قالدىكىن؟

موللام بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا، سەن پۈتۈن جاھاننى كېزىپ كۆر. ئۆزۈڭگە ياققان ئىسىمنى تاپساڭ، ئىسمىڭنى شۇنىڭغا ئۆزگەرتىۋالساڭ بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن خامۇش جاھان كېزىشنى باشلاپتۇ. ئۇ بىر كەنتكە بارسا، بىر توپ جامائەت بىر مېيىتنى دەپنە قىلىۋاتقانىكەن، خامۇش ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمىنى سوراپ كۆرسە، «ھايات» ئىكەن.

— « ھايات» ئىسىملىك كىشىمۇ ئۆلەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خامۇش بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ.

— مەيلى «ھايات» ئىسىملىك ئادەم بولسۇن، ياكى «ۋاپات» ئىسىملىك ئادەم بولسۇن، بەرىبىر ئۆلىدۇ، — دەپتۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرسى.

خامۇش بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يەنە يولىغا راۋان بوپتۇ. بىر شەھەرگە كەلسە كوچىدا بىر ئەر كىشى خوتۇننى ئۇرۇۋاتقۇدەك.

— بۇ نېمە ئادەم ؟ — دەپ سوراپتۇ خامۇش.

— بۇ ئەر كىشىنىڭ ئىسمى «ياۋاش»، ئايالىنىڭ ئىسمى «سائادەت»، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ بىر كىشى، — بۇ ئەر كىشىنىڭ ئاچچىقى بەك يامان، بىچارە ئايال نامراتچىلىقتا تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمىگەنلىكتىن، ئىككىسى دائىم جېدەل قىلىپ ئۇرۇشىدۇ.

خامۇش چۈشەنمەستىن سوراپتۇ:

— بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى «ياۋاش» تۇرۇقلۇق نېمىشقا بۇنداق سەپرا، قوپالدۇ؟ ئۇنىڭ ئىسمى «سائادەت» تۇرۇقلۇق نېمىشقا شۇنچە نامرات بولۇپ قالغاندۇ؟

ھېلىقى كىشى ھومىيىپ تۇرۇپ:

— سەن بىر ساراڭ ئىكەنسەن، — دەپتۇ.

خامۇش بۇ ئىشلارنى چۈشىنەلمەي يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بىر كىشى ئۇنىڭدىن يول سوراپتۇ. خامۇش ئۇنىڭغا يولنى ئېيتىپ بېرىپ، ئىككىسى بىللە مېڭىپتۇ. ھېلىقى كىشى ئۆزىنىڭ ئىسمى «يولباش» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. خامۇش بۇنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قېلىپ:

— تازا غەلىتە ئىش. ئىسمىڭىز «يولباش» تۇرۇقلۇقمۇ يەنە خەقتىن يول سورايدىكەنسىزغۇ؟ — دەپتۇ.

«يولباش» خامۇشنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، «بۇ بىر سارالڭ نېمە ئىكەن» دەپ ئويلاپ، ئۆز يولىغا كېتىپ قاپتۇ.

خامۇش بىر بازاردىن ئۆتكەندە، بىر ئادەم:

ـــ ھەي گاداي، بۇ قېتىمقى ئوقۇتىشتا بىر مۇنچە پۇل تاپقانسەن؟ ـــ دېسە، يەنە بىرسى:

ـــ كۆپ ئەمەس، جەمئىي بىرەر مىليون ئەتراپىدا پۇل تاپتىم، ـــ دەۋاتقۇدەك. خامۇش «گاداي كىشى قانداق قىلىپ بايغا ئايلىنىپ قالغاندۇ؟» دەپ چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپتۇ.

ئاخىر خامۇش موللىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ دەپتۇ:

ـــ موللام، مەن ھەممىنى كۆردۈم، «ھايات» ئىسمىلىكمۇ ئۆلىدىكەن، «ياۋاش» ئىسمىلىكمۇ بەدخۇي، قوپال كېلىدىكەن، «سائادەت» ئىسمىلىكمۇ نامرات بولىدىكەن. «يولباش» ئىسمىلىكمۇ يولدىن ئادىشىپ قالىدىكەن. «گاداي» ئىسمىلىكمۇ باي بولىدىكەن. مەن شۇنى چۈشەندىمكى، گەپ ئىسىمدە ئەمەس، ھەرىكەتتە ئىكەن. شۇڭا، ئىسمىمنى ئۆزگەرتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن.

(توپلاپ رەتلىگۈچى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)





پادىچى بىگمت

هۆسەین تافی سەزغان



سۇ تۈگمىنى (ماي بوياق)　　　تۇرغۇن ئابدۇسالام


源　泉 (布拉克)

بۇلاق

(维吾尔文)　总160期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 160-سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：买买提江·马合木提　副主编：穆合塔尔·马木提

باش مۇھەررىر: مەمەتجان ماخمۇت　مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇختار مامۇت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市鑫五方包装彩印有限公司
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号：CN65-1063/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118　邮政编码：830001
邮政代码：58-108　定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1063/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108　باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043